# مۇستەبت دۆلەتلەردە خىزمەت قىلىۋاتقان تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسئۇلىيەتلىرى ۋە خىرىسلىرى



ARTICLE 19

**ARTICLE 19**

72–82 Rosebery Ave
London EC1R 4RW
UK
www.article19.org

**T:** +44 20 7324 2500
**F:** +44 20 7490 0566

**E:** info@article19.org
**W:** www.article19.org

**Tw:** @article19org
**Fb:** facebook.com/article19org


ARTICLE 19 بولسا خەلقنىڭ ئاۋازىنىڭ كۈچىنى تونۇپ يېتىشكە ياردەم قىلىشنى نىشان قىلغان، يەرلىك ۋە دۇنيا مىقياسىدا پىكىر ئەركىنلىكى ھەركىتىنى قانات يايدۇرىدىغان خەلقئارالىق پىكىر ۋە ھەرىكەت تەشكىلاتىدۇر.

بىز ھەمكارلاشقۇچىلىرىمىز بىلەن بىرلىكتە زامانىۋىي تەتقىقات، قانۇن ۋە سىياسەت ئانالىزلىرىمىز ئارقىلىق، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش، دۇنيانىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىكى 9 مەركىزىمىز ئارقىلىق پىكىر ئەركىنلىكى ئالدىنقى سېپىدىكى خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە خەلقئارادا پىكىر ئەركىنلىكى ھەرىكىتىدە يېڭىلىق يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىمىز. بىز بۇنى ئاخباراتنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئۇچۇرلارغا ئېرىشىشنى ئاشۇرۇش، ژۇرنالىستلارنى قوغداش، پۇقرالار بوشلۇقىنى كېڭەيتىش ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى رەقەملىك بوشلۇقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مەركىزىگە قويۇشتىن ئىبارەت 5 مۇھىم تېمىدا تىرىشىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرىمىز.


**© ARTICLE 19, 2024**

بۇ ئەسەر Creative Commons Attribution-Non-Commercial-ShareAlike 4.0 ئىجازەتنامىسىگە ئاساسەن تەمىنلەنگەن.
سىز تۆۋەندىكى شەرت ئاستىدا بۇ ئەسەرنى ھەقسىز كۆپەيتىش، تارقىتىش ۋە كۆرسىتىش ۋە تۇغۇندى ئەسەرلەرنى ھاسىل قىلىشقا ئىشلىتەلەيسىز:

1) ARTICLE 19 نى نەقىل قىلىش؛
2) بۇ ئەسەرنى سودا خاراكتېرىدە ئىشلەتمەسلىك؛
3) مۇشۇ نەشردىن ھاسىل قىلىنغان ئەسەرلەرنى ئەسەردىكى ئوخشاش ئىجازەتنامە بىلەن تارقىتىش؛

بۇ ئىجازەتنامىنىڭ تولۇق قانۇن تېكىستىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن:
https://creativecommons.org/licenses/by-nc-sa/4.0

ARTICLE 19 بۇ دوكلاتتىكى ئۇچۇرلار ئىشلىتىلگەن ھەرقانداق ماتېرىياللارنىڭ بىر نۇسخىسىنى تاپشۇرۇۋېلىشنى خالايدۇ. بۇ دوكلات ئامېرىكا دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ مەبلىغىگە ئاساسەن، **«ئىنتېرنېت ئەركىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش تېخنىكىسى»(ETIF) تەشەببۇسىنىڭ** بىر قىسمى سۈپىتىدە تۈزۈلگەن. قانۇن ۋە دېموكراتىيە مەركىزى بۇ دوكلاتنى تەييارلاشتا قىممەتلىك رول ئوينىغانARTICLE 19 . ھۆججەتنىڭ مەزمۇنىغا قارىتا بىردىنبىر جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

## ئومۇمىي خۇلاسە

بۇ دوكلاتتا، ARTICLE 19 ئاسىيا، جۇڭگو، بىرما ۋە ۋيېتنامدىن ئىبارەت 3 مۇستەبىت دۆلەتتە پائالىيەت قىلىۋاتقان تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا دائىر مەسئۇلىيەت ۋە ئارقا كۆرۈنۈشلىرى كۆزدىن كەچۈردى. دوكلاتتا پىكىر ئەركىنلىكى ۋە شەخسىي مەخپىيەتلىك ھوقۇقى، شۇنداقلا مۇستەبىت دۆلەتلەرنىڭ شىركەتلەردىن مەزمۇنلارنى چەكلەش، تەشۋىقاتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئابونتلارنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئېرىشىش ۋە نازارەت قىلىش ئىشلىرىغا ياردەملىشىشنى بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىك تەلەپ قىلىش ئۇسۇللىرى ئاساس قىلىندى. گەرچە، بۇ ئىنتايىن قىيىن بىر شارائىت بولسىمۇ، شىركەتلەر ئۆزلىرىنىڭ سىياسىتى ۋە ئەمەلىيىتىدە كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشقا يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمىگەن.

دۆلەتلەر خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىدىكى ئاساسلىق مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالغۇچى، ئەمما بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ سودا ۋە «كىشىلىك ھوقۇق يېتەكچى پرىنسىپى»(UNGP) دا كۆرسىتىلگەندەك، شىركەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش مەسئۇلىيىتىمۇ بار. دۆلەت ئىچىدىكى قانۇن ياكى شارائىت شىركەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلالمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار ھەرىكەتكە كېلىشى ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىگە ئەڭ زور دەرىجىدە ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. تېخنىكا شىركەتلىرى يەرلىك قانۇنلارنى كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى-تەرۇز قىلىشقا ھەمكارلىشىش ئۈچۈن باھانە قىلىپ كۆرسەتمەسلىكى كېرەك. ئۇلار بۇ دوكلاتتا تەپسىلىي بايان قىلىنغانغا ئوخشاش تەدبىرلەرنى قوللىنىشى، مۇۋاپىق سىياسەت قوللىنىشى، ھۆكۈمەتلەردىن مەزمۇننى ئۆچۈرۈۋېتىش تەلىپىنى ئېنىق ۋە كونكرېت ئىسپاتلىشىنى تەلەپ قىلىشى ۋە ھۆكۈمەت بىلەن بولغان ھەمكارلىقى توغرىسىدا ئوچۇق دوكلات بېرىشى كېرەك.

بىز ھەر بىر دۆلەتنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى تەكشۈرۈپ، خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى نۇقتىسىدىن مەسىلە بار شىركەتلەرنىڭ قانۇنىي مەجبۇرىيەتلىرى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە بىلەن تەمىنلەيمىز. بۇ، نەتىجىدە شىركەتلەرنىڭ پىكىر ئەركىنلىكى ۋە شەخسىي مەخپىيەتلىك ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلمىشلىرىغا شېرىك بولماسلىقى ئۈچۈن بېسىم ئېلىپ كېلىدۇ. بىز بۇنىڭدىن كېيىن بۇ دۆلەتلەردە تىجارەت قىلىۋاتقان غەرب تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ بۇ قانۇنىي مەجبۇرىيەتلەرگە قانداق جاۋاب قايتۇرىدىغانلىقى ۋە باشقا ھۆكۈمەتلەرنىڭ بۇ ھوقۇققا دەخلى-تەرۇز قىلىشتىكى ھەمكارلىقىدىكى ئۇمىدىنى تەتقىق قىلىمىز. بىز بۇنىڭدىن، باشقا بۇ دۆلەتلەردە تىجارەت قىلىۋاتقان غەرب تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ بۇ قانۇنىي مەجبۇرىيەتلەرگە ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ ھوقۇققا دەخلى-تەرۇز قىلىشقا چېتىلىدىغان ھەمكارلىق قىلىش تەلەپلىرىگە قانداق جاۋاب قايتۇرىدىغانلىقى تەتقىق قىلىمىز.

جۇڭگودا، شىركەتلەردىن دۆلەتنىڭ چەكلىمىسى ۋە نازارەتچىلىكىدە كەڭ كۆلەمدە ھەمكارلىشىش ۋە باشقا كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى-تەرۇز قىلىش تەلىپىنى قاندۇرۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئىچكى قارار چىقىرىشتا ئوچۇق-ئاشكارە بولماسلىق سەۋەبىدىن، بۇ شىركەتلەرنىڭ كارخانا كىشىلىك ھوقۇق مەسئۇلىيىتى ۋە خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى بىلەن زىت بولغان يەرلىك قانۇن- سىياسەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

ۋيېتنامدا ئەھۋال تېخىمۇ مۇرەككەپ، بۇ يەردە كارخانىلار بېسىمغا ئۇچرىسىمۇ، ئەمما ھۆكۈمەتنىڭ تەلىپىگە قارشى تۇرۇش ئىمكانى تېخىمۇ كۆپ. لېكىن، نۇرغۇن شىركەتلەر سودا مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئۈچۈن ئىزچىل ھەرىكەت قىلمايدىغاندەك قىلىدۇ.

ARTICLE 19

بۇنىڭغا سىلىشتۇرغاندا، 2021-يىلىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتە رەھىمسىز ھەربىي كۈچلەر ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغان بىرمىدا، بىر قىسىم شىركەتلەر ھەربىي تەرەپ بىلەن ھەمكارلىشىشنى رەت قىلىپ، ئۇنى قانۇنسىز ھۆكۈمەت دەپ ئېتىراپ قىلدى ۋە بىرمىغا خاس سىياسەتلەرنى قوللاندى. ئەمما، بۇ سىياسەتلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشى يېتەرلىك ئەمەس، كارخانىلاردا بۇ خىل خەتەرلىك ۋە مۇرەككەپ مۇھىتتا ئېھتىياجلىق بولغان ھەل قىلىش چارىلىرى كەمچىل.

مۇستەبىت ھاكىمىيەت ئاستىدا، تېخنىكا شىركەتلىرى پىكىر ئەركىنلىكى ۋە شەخسىي مەخپىيەتلىككە پايدىسىز بولغان قانۇن ۋە سىياسىي مۇھىتتا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتا ھەقىقىي خىرىسقا دۇچ كېلىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۇلار ھەمىشە دۆلەتلەرنىڭ قانۇنلىرىنى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىككە يان تاياق بولۇشقا سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىدۇ ۋە كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى ئازايتىش ياكى ھەمكارلىقنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش ئۈچۈن كۈچىمەيدۇ. ئۇلار كىشىلىك ھوقۇقنى كۈچەپ قوغدىغاندەك ياكى كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىنى قارار چىقىرىشتا ئاساس قىلغاندەك قىلمايدۇ. شىركەتلەرنىڭ مۇستەبىت دۆلەتلەردە پائالىيەت قىلغاندا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يېتەكچى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن سانائەت ساھەسى تېخىمۇ كۆپ كۈچ چىقىرىش كېرەك.

### تەۋسىيەنىڭ خۇلاسىسى

ARTICLE 19 **رايوندىكى ھۆكۈمەتلەرنى** تۆۋەندىكىلەرگە چاقىرىق قىلىدۇ:

- قانۇن رامكىسىنى تۈزىتىپ، پىكىر ئەركىنلىكى ۋە شەخسىي مەخپىيەتلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىگە ماسلاشتۇرۇش؛

- ب د ت يېتەكچى پرىنسىپى(UNGP) ۋە كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىنىڭ بىرىنچى ئاساس ماددىسىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش، شىركەتلەرنى كىشىلىك ھوقۇق مەسئۇلىيىتىگە خىلاپلىق قىلىشقا مەجبۇرلاش ياكى بېسىم ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش؛

- ئۇچۇق تورغا ئومۇميۈزلۈك ئېرىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، تور سۈپىلىرىنىڭ تاقىلىشى ۋە زۆرۈر بولمىغان چەكلىمىلەردىن ساقلىنىش ۋە ھاياتىي كۈچكە تولغان تور ئېكولوگىيە سىستېمىسىغا قۇلايلىق يارىتىش؛ ۋە

- كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى ۋە پائالىيەتچىلىرىنى قوغداش، جۈملىدىن ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىش، تەھدىد سېلىش ياكى زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش؛ پەقەتلا پىكىر ئەركىنلىكى ۋە باشقا كىشىلىك ھوقۇق ھوقۇقنى يۈرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن خاتا ھالدا قولغا ئېلىنغان ياكى تۈرمىگە تاشلانغان شەخسلەرنى دەرھال ۋە شەرتسىز قويۇپ بېرىش.

بىز **مۇستەبىت تۈزۈمدە پائالىيەت قىلىۋاتقان تېخنىكا شىركەتلىرىنى** تۆۋەندىكىلەرگە چاقىرىمىز:

- بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كۆرسەتمىسى بويىچە كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇش؛

- كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشنى ئەستايىدىللىق بىلەن قانات يايدۇرۇش، جۈملىدىن قەرەللىك ھالدا كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشنىڭ تەسىرىنى باھالاش قاتارلىقلار. باھالاش دۆلەتكە خاس بولۇشى ۋە ئاشكارا ئېلان قىلىنىشى كېرەك، بۇ جەريان

ئوچۇق-ئاشكارە بولۇشى ھەمدە تەسىرگە ئۇچرىغان ئالاقىدار تەرەپلەر بىلەن كېڭەشىشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. باھالاش تاماملانغاندىن كېيىن، ئۇنۇملۇك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بايقالغان خەتەرنى ئازايتىش؛

- مەزمۇننى باھالاش ئۇچۇن ئېنىق سىياسەت ۋە تۈزۈملەرنى تۈزۈش، ئېلان قىلىش ۋە ئادىل قوللىنىش، جۈملىدىن ھۆكۈمەتنىڭ مەزمۇننى ئۆچۈرۈۋېتىش تەلىپىگە جاۋاب بېرىشنىڭ كونكرېت ئۆلچىمى ۋە ئۇلارنىڭ سانتا كلارا پرىنسىپىدا بايان قىلىنغان پرىنسىپلارنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش؛

- ھۆكۈمەتنىڭ مۇلازىمەتنى چەكلەش ياكى ئابونتلارنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىنى تەمىنلەش تەلىپىگە قانداق جاۋاب بېرىش توغرىسىدا كونكرېت تەدبىرلەرنى ئۆزئىچىگە ئالغان ئېنىق سىياسەت تۈرغۈزۈش. مەسىلەن، ھەر بىر تەلەپنى ئايرىم باھالاش ۋە قويۇلغان تەلەپنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكىنى سۈرۈشتە قىلىش قىلىش؛

- ئاشكارىلىق ۋە جاۋابكارلىقنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش: ئاشكارىلىق دوكلاتى دائىملىق ئۆلچەمگە قارىغاندا تېخىمۇ قەرەللىك (ئەڭ ياخشىسى ئايلىق) ۋە تېخىمۇ تەپسىلىي بولۇشى، ھەمدە يەرلىك قانۇنلارغا ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئېلىنغان قەدەملەر ھەققىدە دۆلەتكە ئائىت باھالاشلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. ھەم ھۆكۈمەت، ھەم ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئۆچۈرۈلگەن مەزمۇنلار ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. شىركەتلەر يەنە بازارغا كىرىش شارائىتى ۋە ھۆكۈمەتتىن ئالغان ئىجازەتنامە، توختام ياكى رۇخسەتلەرنى ئېلىش ئۈچۈن قانداق كېڭەشكەنلىكى توغرىسىدا ئوچۇق-ئاشكارە بولۇشى كېرەك؛

- ئابونتلارنىڭ مەخپىيەتلىكى ۋە بىخەتەرلىكنى قوغداش قوراللىرى بىلەن تەمىنلەش: شەخسىي مەخپىيەتلىكنى قوغداشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە ئابونتلارغا شەخسىي ئۇچۇرلىرىنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى بېرىش؛

- مەزكۇر دۆلەتتىكى خىزمەتچىلەرنى قوللاشقا كاپالەتلىك قىلىش، جۈملىدىن يەرلىك ياكى رايون خىزمەتچىلىرى كىشىلىك ھوقۇققا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا تېز ئىنكاس قايتۇرۇش ۋە ياردەم بېرىش؛

- ئاسىيادىكى پىكىر ئەركىنلىكى تەشەببۇسىنى قوللاش، مەسىلەن ئىقتىسادىي ۋە تېخنىكا ياردىمى بىلەن تەمىنلەش ۋە پۇقرالار جەمئىيىتى ۋە باشقا كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى بىلەن ھەمكارلىشىش قاتارلىقلار؛ بۇنىڭدىن باشقا

- كۆپ تەرەپلىك ۋە كەسىپلەر ئارا دىئالوگلارغا قاتنىشىپ، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە كەسىپلەر ئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن تەشەببۇسلارنى يولغا قويۇش.

ARTICLE 19

# مۇندەرىجە

ئومۇمىي خۇلاسە 3
تەۋسىيەنىڭ خۇلاسىسى 4

كىرىش 8

خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچەملىرى 10
خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىدىكى پىكىر ئەركىنلىكى ۋە شەخسىي مەخپىيەتلىك 11
پىكىر ئەركىنلىكى ۋە ۋاستىچىنىڭ جاۋابكارلىقى 11
سانلىق مەلۇمات قوغداش 13
كىشىلىك ھوقۇق ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىك 14

جۇڭگو 17
دۆلەت ئارقا كۆرۈنۈشى 18
تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ قانۇنىي مەجبۇرىيەتلىرى 19
تېخنىكا شىركىتىنىڭ ئىنكاسلىرى 23
مىسال تەتقىقاتى: جۇڭگودىكى ئالما(Apple) شىركىتى 25
مىسال تەتقىقاتى: جۇڭگودىكى Microsoft Bing 28

ۋيېتنام 30
دۆلەت ئارقا كۆرۈنۈشى 31
تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ قانۇنىي مەجبۇرىيەتلىرى 32
تېخنىكا شىركىتىنىڭ ئىنكاسلىرى 34
مىسال تەتقىقاتى: ۋيېتنامدىكى Facebook 36
مىسال تەتقىقاتى: ۋيېتنامدىكى سانلىق مەلۇماتلارنى يەرلىكلەشتۈرۈش 38

بىرما 40
دۆلەت ئارقا كۆرۈنۈشى 41
تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ قانۇنىي مەجبۇرىيەتلىرى 42
تېخنىكا شىركىتىنىڭ ئىنكاسلىرى 44
مىسال تەتقىقاتى: 2021-يىلىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن سۇپىلارنىڭ ھەربىي تەرەپكە بولغان ئىنكاسلىرى 46
مىسال تەتقىقاتى: بىرمىدىكى Telenor 49

تېخنىكا شىركىتىنىڭ ئىنكاسلىرى ۋە ب د ت نىڭ يېتەكچى پرىنسىپى 52
كىشىلىك ھوقۇققا خىلاپ قىلمىشلارنى چۈشەندۈرگەندە يەرلىك قانۇنلارغا بويسۇنۇش 53

ئاشكارىلىق دەرىجىسىنىڭ كەمچىللىكى 54
كونكېرت دۆلەتكە خاس كىشىلىك ھوقۇق بويىچە تىگىشلىك تىرىشچانلىقىنىڭ كەمچىللىكى 55
ساھە مىقياسىدا سەپەرۋەرلىك ۋە كەسىپ ئۆلچىمىنىڭ كەمچىللىكى 56
پۇقراۋىي جەمئىيەتلەر بىلەن ئەتراپلىق ھەمكارلىقنىڭ كەمچىللىكى 57

تەۋسىيەلەر 59

رايوندىكى ھۆكۈمەتلەرگە بولغان تەۋسىيەلەر 60
مۇستەبىتلىك مۇھىتىدا تىجارەت قىلىۋاتقان تېخنىكا شىركەتلىرىگە بولغان تەۋسىيەلەر 60
جۇڭگودا تىجارەت قىلىۋاتقان تېخنىكا شىركەتلىرىگە بولغان تەۋسىيەلەر 61
ۋيېتنامدا تىجارەت قىلىۋاتقان تېخنىكا شىركەتلىرىگە بولغان تەۋسىيەلەر 61
بىرمىدا تىجارەت قىلىۋاتقان تېخنىكا شىركەتلىرىگە بولغان تەۋسىيەلەر 62

# كىرىش

يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، ئاسىيادا ئىنتېرنېتنىڭ ئىشلىتىلىشى بىر قىسىم دۆلەتلەردە مۇستەبىتلىكنىڭ كۈچىيىشى بىلەن تەڭ ئاشتى. بۇ دۆلەتلەردىكى ھۆكۈمەتلەر توردا پىكىر بايان قىلغانلارغا قارىتا باستۇرۇش ۋە تېخىمۇ مۇرەككەپ بولغان تېخنىكىلىق نازارەت قىلىش قوراللىرىنى ئىشلىتىشكە باشلىدى.

دۇنيادىكى نۇرغۇن تېخنىكا شىركەتلىرى ئاسىيا بازىرىدىكى ئىشلەتكۈچىلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىشنى خالايدۇ، ئۇلار ھەمىشە مۇستەبىت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە قاتناشقان كىشىلىك ھوقۇق خىرىسىغا ئەستايىدىل باھا بەرمەيدۇ. بۇ شىركەتلەر ھازىر ئەركىن سۆزلەش ۋە شەخسىي مەخپىيەتلىكنى بوغۇپ تۇرىدىغان نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش مۇھىتىغا قانداق جاۋاب قايتۇرۇشنى قارار قىلىشى كېرەك. بەزى دۆلەتلەردە، تېخنىكا شىركەتلىرى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى بىلەن بىۋاستە ھەمكارلىشىش ئۈچۈن قانۇن ۋە سىياسەت تەلىپىگە دۇچ كېلىدۇ.

نۇرغۇنلىغان خەلقئارالىق تېخنىكا شىركەتلىرى مۇستەبىت ھاكىمىيەت ئاستىدا پائالىيەت قىلغاندا دۇچ كېلىدىغان كىشىلىك ھوقۇق خىرىسلىرىنى ئەستايىدىل ئويلاشمايلا ئاسىيا بازىرىدىكى ئابونتلارنى بەس-بەستە تالاشتى. بۇ شىركەتلەر پىكىر ئەركىنلىكى ۋە شەخسىي مەخپىيەتلىكنى چەكلەيدىغان، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تۈزۈمىگە قانداق جاۋاب قايتۇرۇشنى قارار قىلىشى كېرەك. بەزى دۆلەتلەردە تېخنىكا شىركەتلىرى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى قىلمىشلىرى بىلەن بىۋاستە ھەمكارلىشىش ئۈچۈن قانۇنىي ۋە سىياسىي تەلەپلەرگە دۇچ كەلمەكتە.

بۇ دوكلاتتا، ARTICLE 19 جۇڭگو، ۋېيتنام ۋە بىرما قاتارلىق ئۈچ مۇستەبىت دۆلەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ پايدىسىز بولۇشىغا قارىماي، كارخانىلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن دۇچ كېلىۋاتقان خىرىسلارنى تەتقىق قىلدى. ھەر بىر دۆلەتكە قارىتا، ئۇ دۆلەتتە تىجارەت قىلىۋاتقان تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە قانۇنىي مۇھىتى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە بىلەن تەمىنلەيمىز. ئاندىن بىز پەن-تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ تەلىپىگە قانداق جاۋاب قايتۇرغانلىقىغا قارايمىز، قەيەردە شىركەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە قاتناشقانلىقى ۋە قەيەردە رەت قىلىشقا ئۇرۇنغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان تەتقىقاتلار بىلەن تەمىنلەيمىز. پىكىر ئەركىنلىكى ۋە شەخسىي مەخپىيەتلىك توغرىسىدىكى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمى، شۇنداقلا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ سودا ۋە كىشىلىك ھوقۇق يېتەكچى پرىنسىپى(UNGP) نى ئاساس قىلىپ، تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيەت ئاستىدا كىشىلىك ھوقۇققا بولغان ھۆرمىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئەمەلىي تەكلىپلەرنى بېرىمىز.

بىز مۇستەبىت تۈزۈمدىكى ھۆكۈمەت ۋە شىركەتلەرگە مەسلىھەت بەرگەن بولساقمۇ، خەلقئارالىق، رايونلۇق ۋە يەرلىك پۇقرالار جەمئىيىتىنىڭ قوللىشى ۋە ھەمكارلىششى تەجرىبىلىرىمىزنى ھۆججەتلەشتۈرۈشكە ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارايمىز. خەلقئارالىق گۇرۇپپىلار ۋە ئىنتىپاقلار مەبلەغ سالغۇچىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، مۇستەبىت تۈزۈمدىكى تەشۋىقاتنىڭ رېئاللىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، يەرلىك پۇقرالار جەمئىيىتىنىڭ سۆز ئەركىنلىكى ۋە شەخسىي مەخپىيەتلىككە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى قوللاش يوللىرىنى تېپىشى كېرەك. بولۇپمۇ، مۇستەبىت دۆلەتلەردىكى ئاممىۋي تەشكىلاتلار بىلەن پەن-تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ باش

شتابلىرى جايلاشقان دۆلەتلەردىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدا تور ۋە ئالاقە ئورنىتىش ئارقىلىق ھوقۇقى دەخلى-تەرۇز ئۇچرىغانلارنىڭ ئاۋازىنى كۈچەيتىش كېرەك دەپ قارايمىز. تېخنىكا شىركەتلىرى كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالمىغاندا، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئۇلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق ئاممىۋى تەشۋىقاتلارنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك، چۈنكى بۇ شىركەتلەرنىڭ ھەرىكەتكە كېلىشىدىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل. مۇھىم بولغىنى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار كارخانا ۋە تېخنىكا شىركەتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىش ئارقىلىق، كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى-تەرۇز قىلىدىغان قانۇن ۋە سىياسەتلەرنىڭ ئىقتىسادقا ۋە سودىغا ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنىغا مەركەزلىشىپ تۇرۇپ، كىشىلىك ھوقۇقنى ئاساس قىلغان تەشۋىقاتنى قوللىشى ۋە كۈچەيتىشى كېرەك. ئۇلار يەنە داۋاملىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، سۈيىئىستېمال قىلمىشلىرىنى ئاشكارىلىشى، ئۈسكۈنە ۋە مەنبە تەييارلاپ، تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ «ب د ت نىڭ يېتەكچى پرىنسىپى»نى مۇستەبىت تۈزۈمدە تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشى ۋە ئىجرا قىلىشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك.

# خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچەملىرى

## خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىدىكى پىكىر ئەركىنلىكى ۋە شەخسىي مەخپىيەتلىك

**پىكىر ئەركىنلىكى ھوقۇقى** دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى (UDHR) نىڭ 19-ماددىسىدا ۋە خەلقئارا پۇقرالار ۋە سىياسىي ھوقۇق ئەھدىنامىسى (ICCPR) نىڭ 19-ماددىسىدا كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان. ئۇ ئۆزىنى ئىپادىلەشلا ئەمەس، ئۇچۇر ۋە پىكىر ئىزدەش ۋە قوبۇل قىلىش ھوقۇقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ توردا ئۆزىنى ئىپادىلەش ۋە توردا ئۇچۇرغا ئېرىشىش ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**شەخسىي مەخپىيەتلىك ھوقۇقىنىڭ** قوغدىلىنىشى UDHR نىڭ 12-ماددىسىدا ۋە ICCPR نىڭ 17-ماددىسىدا بايان قىلىنغان. كېيىنكىسىدە: «ھېچكىمنىڭ شەخسىي مەخپىيەتلىكى، ئائىلىسى، ئۆيى ياكى خەت-چەكلىرىگە خالىغانچە ياكى قانۇنسىز ئارىلىشىشقا بولمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

(1) قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋە چۈشىنىشلىك يېزىلغان بولىشى، قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان كىشىلەرنىڭ چەكلىمىنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنەلەيدىغان ھالەتتە يېزىلغان بولىشى كېرەك. (2) دۆلەت بىخەتەرلىكى، جامائەت تەرتىپى ياكى باشقىلارنىڭ ھوقۇقى ياكى ئىناۋىتى قاتارلىق 19-ماددىدا ئېنىق كۆرسىتىلگەن قانۇنلۇق سەۋەبلەرنىڭ بىرىگە ماس كەلگەن بولىشى؛ ھەمدە (3) بۇ قانۇنلۇق مەقسەتنى قوغداشتا زۆرۈر بولغان ئەھۋاللار [1]. ئوخشاش ھالدا قانۇندا بەلگىلەنگەن، قانۇنلۇق مەقسەتنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان ۋە بۇ خىل قوغداشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن زۆرۈر بولغاندىلا، شەخسىي مەخپىيەتلىك ھوقۇقىغا دەخلى قىلىش قانۇنلۇق بولىدۇ[2].

بۇ ھوقۇقلارنىڭ ھەر ئىككىسى توردا شۇنداقلا تورسىز قوغدىلىشى كېرەك[3]. دېمەك، تور مۇھىتىدىكى ھوقۇققا چەك قويۇشمۇ قانۇن تەرىپىدىن بەلگىلىنىشى، قانۇنلۇق نىشاننى قوغداشنى مەقسەت قىلىشى ۋە بۇ مەقسەتنى قوغداشنىڭ زۆرۈرلۈكىدىن دېرەك بېرىدۇ. سۆز ئەركىنلىكىنى مىسالغا ئالساق، ئىنتېرنېت مەزمۇنىنى سۈزۈشنىڭ رەسمىي تەلىپى ئۈچ قىسىملىق چەكلەش سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان دەرىجىدە كونكرېت ۋە ئېنىق ئەمەس. دۆلەت بەلگىلىگەن سۈزۈش سىستېمىسى كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمايدىغان ئالدىنئالا چەكلەشنىڭ بىر خىل شەكلى[4]. تور بېكەتلەرنى چەكلەش يەنە ئاپتور ياكى نەشرنى باستۇرۇشنىڭ ۋاستىسى بولۇپ، پەقەت قانۇنسىز ۋە كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىدا چەكلىمىگە ئۇچرايدىغان مەزمۇنلارنى مەقسەت قىلغاندىلا يوللۇق بولىدۇ (مەسىلەن باللارنىڭ شەھۋانىي رەسىملىرى). كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلگەن ئىجتىمائىي ئالاقە تور بېكەتلىرىنى چەكلەش قاتارلىق كەڭ تەدبىرلەر تەڭپۇڭسىز، پەرقلىق تەسىرگە ئىگە، شۇڭا ئۈچ بۆلەك سىناقتا مۇۋاپىق يوللۇق بولمايدۇ[5].

## پىكىر ئەركىنلىكى ۋە ۋاستىچىنىڭ جاۋابكارلىقى

خەلقئارالىق سەۋىيەدە، كۆپلىگەن كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرى ۋە مېخانىزملىرى توردا پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكى ۋە ۋاستىچىلىك مەسئۇلىيىتى توغرىسىدا يۇمشاق قانۇن يېتەكچىلىكىنى تۈزۈپ چىقتى، بۇ ئادەتتە ۋاستىچى مەسئۇلىيىتىنى كەچۈرۈم قىلىشنىڭ توردىكى پىكىر ئەركىنلىكىنى قوغداشتا ئىنتايىن مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدۇ.

«ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى»(UNHCR) 2018-يىلى «كىشىلەرنىڭ توردىكى ھوقۇقلىرى چوقۇم نورمال ھاياتتىكى ھوقۇقلىرىغا ئوخشاش قوغدىلىشى كېرەك، بولۇپمۇ دۆلەت چېگراسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممە ئادەم ئۆزى خالىغان

---

[1] Human Rights Committee, General Comment No. 34, 2011.

[2] Office of the High Commissioner for Human Rights (OHCHR), The Right to Privacy in the Digital Age, A/HRC/39/29, 3 August 2018, para 10.

[3] UN Human Rights Council (UNHRC), Resolution 20/8, 16 July 2012.

[4] Organization for Security and Co-operation in Europe (OSCE), Joint Declaration on Freedom of Expression and the Internet, 2011, para 3.

[5] OHCHR, Report on Internet Shutdowns, 13 May 2022, para 13.

ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق پىكىرلىرىنى ئەركىن ئىپادىلىيەلىشى كېرەك» دەپ مۇئەييەنلەشتۈردى[6]. ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى ئالاقە ۋاستىلىرىنىڭ پەرقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئېلېكترونلۇق ئالاقە ياكى ئىنتېرنېتتىكى ئىپادىلەش ئەركىنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك چەكلىمىلەرنىڭ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئېلېكترونلۇق بولمىغان ياكى «تورسىز» ئالاقىلاردىكى چەكلىمىلەرگە ئوخشاش ئۆلچەمدە بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى[7].

خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىدا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش، ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ھۆرمەت قىلىش مەجبۇرىيىتىنىڭ بارلىقى بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، كىشىلەر كارخانىلارنىڭمۇ ئوخشاشلا كىشىلىك ھوقۇقنى ھۆرمەت قىلىش ۋە تىجارەت قىلىش جەريانىدا ئېلىپ كېلىدىغان پايدىسىز تەسىرلەرنى ھەل قىلىش مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى تونۇپ يەتتى[8]. كىشىلىك ھوقۇقنى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشتا، دۆلەتلەر پىكىر ئەركىنلىكىنىڭ ئۈنۈملۈك يۈرگۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شەخسلەرنىڭ ئىش -ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇشى كېرەك.

مۇھىمى، ب د ت نىڭ پىكىر ئەركىنلىكى ئالاھىدە دوكلاتچىسى ئۆزۈندىن بۇيان چەكلەش تەدبىرلىرىنى ھەرگىزمۇ شەخسىي ئورۇنلارغا تاپشۇرماسلىق كېرەك دەپ قارىماقتا[9]. 2011-يىلى پىكىر ئەركىنلىكى ۋە ئىنتېرنېت تورى بىرلەشمە خىتابنامىسىدە، 4 نەپەر پىكىر ئەركىنلىكىگە مەسئۇل خادىم مۇنداق دېدى: ھېچ بولمىغاندا، «ۋاستىچىلەردىن ئابونتلارغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى نازارەت قىلىش تەلەپ قىلىنماسلىقى ۋە پىكىر ئەركىنلىكىنى يېتەرلىك قوغداش بىلەن تەمىنلىيەلمەيدىغان قانۇنسىز قائىدە -تۈزۈملەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىقى كېرەك »[10].

ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ 2016-يىلى 6-ئايدىكى دوكلاتىدا،[11] ب د ت نىڭ پىكىر ئەركىنلىكىگە مەسئۇل ئالاھىدە دوكلاتچىسى دۆلەتلەردىن خۇسۇسىي ساھەلەرگە مەيلى قانۇن، سىياسەت ياكى قوشۇمچە ئۇسۇللار ئارقىلىق بولسۇن، پىكىر ئەركىنلىكىگە ئورۇنسىز ياكى ئۇيغۇنسىز شەكىلدە دەخلى-تەرۇز قىلماسلىقنى تەلەپ قىلدى. ئۇ يەنە «شەخسىي ۋاستىچىلەرنىڭ مەزمۇنلارنىڭ قانۇنسىزلىقىنى بەلگىلىيەلمەيدىغانلىقى»نى ئوتتۇرىغا قويدى،[12] ھەمدە « گۇمانلىق تەلەپلەرنى رىغبەتلەندۈرگەنلىكى، مەزمۇن تەكشۈرەشكە ئادىل ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشقا ماس كېلىدىغان ئۆلچەم قوللانماقچى بولغان ۋاستىچىلەرنى يېتەرلىك قوغدىيالمىغانلىقى» ئۈچۈن، ئۇقتۇرۇش ۋە مەزمۇننى ئۆچۈرۈتىش قىلمىشلىرىنى، يەنى « ئۆزلىكىدىن ئۆچۈرۈلۈش ياكى زىيادە ئۆچۈرۈش»نىڭ خەۋپىنى تەنقىد قىلدى[13].

ب د ت نىڭ پىكىر ئەركىنلىكىگە مەسئۇل ئالاھىدە دوكلاتچىسى ھەر قانداق رەقەملىك مەزمۇننى ئۆچۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك تەكلىپ، تەلەپ ۋە باشقا تەدبىرلەرنىڭ چوقۇم كۈچكە ئىگە قانۇننى ئاساس قىلىشى، ئۈچىنچى تەرەپنىڭ مۇستەقىل نازارىتى ئاستىغا ئېلىنىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ھەمدە «خەلقئارا پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇق ئەھدىنامىسى»نىڭ 19-ماددىسىنىڭ 3-تارمىقىدا بەلگىلەنگەن بىر ياكى بىر نەچچە زۆرۈر ۋە مۇۋاپىق ۋاستىلەرنى قوللانغانلىقىنى نامايان قىلىشى كېرەك[14].

---

[6] UNHRC, The Promotion, Protection and Enjoyment of Human Rights on the Internet, A/HRC/38/L.10/Rev.1, July 2018.

[7] Human Rights Committee, General Comment No. 34, paras 12, 39, 43.

[8] The United Nations Guiding Principles on Business and Human Rights: Implementing the United Nations ‘Protect, Respect and Remedy’ Framework (The Ruggie Principles), A/HRC/17/31, 21 March 2011, Annex. The UNHRC endorsed the guiding principles in Resolution 17/4, 16 June 2011.

[9] UNHRC, Report of the Special Rapporteur on the Promotion and Protection of the Right to Freedom of Opinion and Expression, Frank La Rue, A/HRC/17/27, 16 May 2011, paras 75–76.

[10] OSCE, Joint Declaration on Freedom of Expression and the Internet, 2011.

[11] Report of the Special Rapporteur on the promotion and protection of the right to freedom of opinion and expression, A/HRC/32/38, 11 May 2016, paras 40–44.

[12] A/HRC/32/38.

[13] A/HRC/32/38, para 43.

[14] A/HRC/32/38.

2017-يىلى پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكى ۋە «ساختا خەۋەر»، تەتۈر تەشۋىقات ۋە تەشۋىقات توغرىسىدىكى بىرلەشمە باياناتىدا، تۆت خەلقئارالىق پىكىر ئەركىنلىكىگە مەسئۇل خادىم ھوقۇقدارلىرى ۋاستىچى ھەرىكەتلەرگە بېسىم ئىشلىتىپ، «بىر قىسىم ھۆكۈمەتلەرنىڭ پەرقلىق پىكىرلەرنى باستۇرۇش ۋە ئاممىۋى ئالاقىنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنۇش... مەزمۇننى چەكلەش ئۈچۈن ۋاستىچىلەرگە بېسىم ئىشلىتىپ تەكشۈرەش ئۆلچەملىرىنى <خۇسۇسىيلاشتۇرۇش> تىرىشچانلىقى» دىن ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى[15]. ئۇلار يەنە شۇنى تەكىتلىدى:

> ۋاستىچىلەر بۇ مەزمۇنلارغا ئېنىق دەخلى قىلمىسا ياكى مۇستەقىل، تەرەپسىز، نوپۇزلۇق نازارەتچىلىك ئورگىنىنىڭ(مەسىلەن سوت دېگەندەك) مۇۋاپىق تەرتىپ كاپالىتىگە ئاساسەن ماقۇللانغان مەزمۇننى ئۆچۈرۈش بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشنى رەت قىلمىسىلا، بۇ مۇلازىمەتكە مۇناسىۋەتلىك ئۈچىنچى تەرەپ مەزمۇنلىرى ئۈچۈن ھەرگىز جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالماسلىقى كېرەك ھەمدە ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشقا تېخنىكىلىق ئىقتىدارى بار.

بۇ خەلقئارالىق قائىدىلەر «مانىلا ۋاستىچىلىك مەسئۇلىيىتى پرىنسىپى» دا پايدىلانما قىلىنغان بولۇپ، بۇ پرىنسىپ ۋاستىچىلەرنىڭ ئۈچىنچى تەرەپ مەزمۇندىكى مەسئۇلىيىتىنى باشقۇرىدىغان قانۇن، سىياسەت ۋە ئەمەلىيەتنى باھالاش رامكىسىنى تونۇشتۇرغان. بۇ پرىنسىپ شۇنى كۆرسىتىدۇ:

> ۋاستىچى ئورگانلار ئۈچىنچى تەرەپ مەزمۇندىكى جاۋابكارلىقتىن كەچۈرۈم قىلىنىشى كېرەك. ئەدلىيە ئورگىنىنىڭ بۇيرۇقىسىز، ئۇلار مەزمۇن چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىقى كېرەك. مەزمۇننى چەكلەش تەلىپى ئېنىق بولۇشى، مۇجمەل بولماسلىقى ھەمدە مۇناسىپ تەرتىپلەرگە ئەمەل قىلىنىشى كېرەك. قانۇن ۋە مەزمۇننى چەكلەش بۇيرۇقى ۋە ئەمەلىيىتى چوقۇم زۆرۈرلۈك ۋە نىسپىيلىق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك. قانۇن ۋە مەزمۇننى چەكلەش سىياستى ۋە ئەمەلىيىتى چوقۇم مۇۋاپىق تەرتىپكە ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. ئاشكارىلىق ۋە جاۋابكارلىقى چوقۇم قانۇن ۋە مەزمۇن چەكلەش سىياستى ۋە ئەمەلىيىتى تەرىپىدىن بەرپا قىلىنىشى كېرەك[16].

## سانلىق مەلۇمات قوغداش

رەقەملىك دەۋر ماھىيەتلىك يېڭى مەخپىيەتلىك ئەندىشىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. دۆلەت ئورگانلىرى ۋە تېخنىكا شىركەتلىرى (ۋە ھەتتا باشقا شىركەتلەر) بارغانسىرى كۆپ مىقداردىكى شەخسىي سانلىق مەلۇماتلارنى بىر تەرەپ قىلىپ، مەخپىيەتلىك خەۋپىنى ئەھۋالى ئوتتۇرىغا چىقتى. شۇڭا دۆلەتلەر زامانىۋى بولغان سانلىق مەلۇمات قوغداش قانۇنىنى چىقىرىشى كېرەك، بۇنىڭ ئىچىدە، شەخسىي ئۇچۇرلارنىڭ مەسئۇلىيەتچان بىر تەرەپ قىلىنىشى ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا نامۇۋاپىق زىيارەت قىلىنىش ۋە ئىشلىتىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەلەپ دۆلەت نازارەتچىلىكىنىڭ باشقۇرۇش قائىدىسىدە تەرتىپ كاپالىتى، ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىش ۋە ھوقۇق بېرىش تەلىپى، شۇنداقلا مۇستەقىل ئورگانلارنىڭ تەكشۈرۈش مۇمكىنچىلىكى بولۇشى كېرەك[17]. مەسىلەن، سانلىق مەلۇماتلارنى مەمۇرىي ئورگانلار بىلەن ئورتاقلىششىنى ئاپتوماتىك مەجبۇرلايدىغان قانۇنلار بۇ تەلەپكە ماس كەلمەيدۇ.

شەخسىي شىركەتلەرنىڭ شەخسىي ئۇچۇرلارنى ساقلاپ قېلىشى ياكى بۇ خىل سانلىق مەلۇماتلارنى مەلۇم بىر دۆلەت ئىچىدە ساقلاش تەلەپلىرى («سانلىق مەلۇماتنى يەرلىكلەشتۈرۈش» تەلەپلىرى) دىمۇ مەسىلە بار[18]. بۇ خىل تەلەپ يوچۇقلارنى پەيدا قىلىدۇ ۋە سانلىق مەلۇماتلارنىڭ رۇخسەتسىز ھالدا زىيارەت قىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەگەر بۇ خىل قائىدىلەر يەرلىك دائىرىلەرنىڭ

---

[15] OSCE, Joint Declaration on Freedom of Expression and ‘Fake News’, Disinformation and Propaganda, 3 March 2017.

[16] Manilla Principles on Intermediary Liability.

[17] A/HRC/39/29, paras 34–35, 39.

[18] Report of the Special Rapporteur on the promotion and protection of the right to freedom of opinion and expression, 30 March 2017, A/HRC/35/22, para 20.

شەخسىي سانلىق مەلۇماتلارغا ئېرىشىشنى ئاسانلاشتۇرىدىغان قانۇنىي تۈزۈملەر بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەندە، شەخسىي مەخپىيەتلىك ھوقۇقىغا ئېغىر دەخلى يەتكۈزۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن، بولۇپمۇ مۇستەبىت ھاكىمىيەت تۈزۈمى كونتېكستىدە، پائالىيەتچىلەر، ژۇرنالىستلار، كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىغۇچىلىرى ۋە باشقىلار ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي ھەق-ھوقۇقلىرىنى قوللانغانلىقى ئۈچۈنلا ھۇجۇم نىشانىغا ئايلىنىپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىشى مۇمكىن. كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىنىڭ قوغدىلىشىغا ئېرىشكەن نامسىز پىكىر قىلىشنى چەكلەيدىغان قانۇنلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ[19]. تور ئابونتلىرىنىڭ ھەققىي كىملىك بىلەن تىزىملىتىشنى ياكى شەخسىي سانلىق مەلۇماتلىرى بىلەن تەمىنلىشنى تەلەپ قىلىش پىكىر ئەركىنلىكى ۋە شەخسىي مەخپىيەتلىكنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە خىيىم-خەتەر ئېلىپ كېلىدۇ[20].

## كىشىلىك ھوقۇق ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىك

خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىغا ئاساسەن، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى-تەرۇز قىلىشتىن ساقلىنىش شۇنداقلا كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش رامكىسى قۇرۇش مەجبۇرىيىتى بار. ھەرقايسى دۆلەتلەر شەخسىي شىركەتلەرگە ئوخشاش ئۈچىنچى تەرەپنىڭ قىلمىشلىرىغا مەسئۇل بولۇشى ناتايىن، ئەمما خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى بۇ خىل قىلمىش ئىگىلىرىگە قارىتا دۆلەتلەرگە بەلگىلىك مەسئۇلىيەت يۈكلەيدۇ. بۇ ئۈچىنچى تەرەپنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى چەكلەيدىغان قانۇنىي رامكىلارنى ئورنىتىشى ۋە بۇ قانۇنىي رامكىلارغا رىئايە قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ھەرىكەت قوللىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كونكېرت قىلىپ ئېيتقاندا، ھەرقايسى دۆلەتلەر «ئىمكانقەدەر تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، شەخسىي ئورۇنلار كەلتۈرۈپ چىقارغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشى، جازالىشى، تەكشۈرۈشى ياكى توغرىلىشى» كېرەك[21].

كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىغا ئاساسەن، دۆلەتلەر بولسا ئاساسلىق مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالغۇچى، ئەمما بۇ شەخسىي ئاكتىيورلارنى نازارەت قىلىش ۋە ئىنكاس قايتۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شىركەتلەرمۇ كىشىلىك ھوقۇق مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ، گەرچە ئۇلارنىڭ مەجبۇرىيىتى دۆلەتكە ئوخشاش بولمىسىمۇ.
بۇ مەسئۇلىيەتلەرنى بايان قىلىدىغان يېتەكچى پايدىلىنىش ھۆججىتى بولسا «ب د ت يېتەكچى پرىنسىپى»(UNGP) دىن ئىبارەت[22]. بۇ دۇنيا مىقياسىدا ئېتىراپ قىلىنغان بىر يۈرۈش يېتەكچى كۆرسەتمە بولۇپ، ھەر قايسى دۆلەتلەر ۋە كارخانىلارنى كارخانا پائالىيەتلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا بولغان تەسىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ھەل قىلىش ئۈچۈن بىر رامكا بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇلار 3 تۈۋرۈكنى ئاساس قىلىدۇ :

(i) دۆلەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى كارخانىلارنىڭ دەپسەندىچىلىكىدىن قوغداش مەجبۇرىيىتى
(ii) كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىشتىكى كارخانا مەسئۇلىيىتى
(iii) قۇتقۇزۇش يوللىرىنى تەمىنلەش مەجبۇرىيىتى

بىرىنچى تۈۋرۈك ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىدىكى ئۈچىنچى تەرەپنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى بىر تەرەپ قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، بۇ يۇقىرىدا قىسقىچە خۇلاسە قىلىندى. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، «ب د ت يېتەكچى پرىنسىپى» ھەرقايسى دۆلەتنىڭ چوقۇم «ھەممە قانۇن، نىزام ۋە بەلگىلىمە چىقىرىش ئارقىلىق بۇ خىل زىيانكەشلىك قىلمىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تەكشۈرۈش، جازالاش ۋە توغرىلاش ئۈچۈن مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىشى» كېرەكلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى[23].

ئىككىنچى تۈۋرۈك كارخانىلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ ھەم كىشىلىك ھوقۇقنىڭ پايدىسىز تەسىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىن ساقلىنىش ۋە ئۇلارنىڭ تىجارىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك كىشىلىك ھوقۇققا بولغان تەسىرىنى

---

[19] Report of the Special Rapporteur on the promotion and protection of the right to freedom of opinion and expression, 17 April 2013, A/HRC/23/40, para 23.
[20] A/HRC/23/40, paras 23, 68–69.
[21] Human Rights Committee, General Comment No. 31, para 8.
[22] UNGPs.
[23] UNGPs, Principle 1.A.1.

ھەل قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنى يولغا قويۇش كارخانىلارنىڭ مۇناسىپ تۈزۈم ۋە تەرتىپلەرنى قوللىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. «ب د ت يېتەكچى پىرىنسىپى» ئاساسلىق 3 تۈزۈم ۋە تەرتىپنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

i. كىشىلىك ھوقۇق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتىكى سىياسەت ۋەدىسى
ii. كىشىلىك ھوقۇق تېگىشلىك تىرىشچانلىقنى تەكشۈرۈش جەريانى
iii. كىشىلىك ھوقۇققا پايدىسىز تەسىرلەرنى تۈزىتىش جەريانلىرى.

ئۈچىنچى تۈۋرۈككە ئاساسەن، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەدلىيە ۋە ئەدلىيەسىز مېخانىزملار ئارقىلىق كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى-تەرۇز قىلىش قىلمىشلىرىنى ھەل قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىشتا ئاساسلىق مەجبۇرىيىتى بار. ھالبۇكى، «ب د ت يېتەكچى پىرىنسىپى» يەنە سانائەت ۋە كۆپ تەرەپلەرنىڭ تەشەببۇسىنىڭ ئۈنۈملۈك تۈزىتىش مېخانىزمىنىڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەكلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

دۆلەت ئاكتىيورلىرى، خۇسۇسىي تارماقلار ۋە باشقا ئالاقىدار تەرەپلەر ئەڭ ياخشىسى 3 تۈۋرۈكنىڭ ھەممىسىدە بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ، كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. ھالبۇكى، دۆلەتلەر بىرىنچى تۈۋرۈكتىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلالمىسا، ھەتتا ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىشتىكى ئاساسلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشتا مەغلۇپ بولسا، بۇ شىركەتلەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ قىيىن بولۇشى مۇمكىن .

---

*«ب د ت يېتەكچى پىرىنسىپى»نىڭ 23-پىرىنسىپى كارخانىلارنىڭ ھەم مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارغا بويسۇنۇشى، ھەم خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىشى كېرەكلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئەگەر بۇ ئىككىسىدە توقۇنۇش يۈز بەرگەندە، ئۇلار «كىشىلىك ھوقۇق پىرىنسىپلىرىغا ھۆرمەت قىلىش يوللىرىنى ئىزدىشى» كېرەك. بۇ پىرىنسىپ كارخانىلارنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى قانۇنلارنى خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق مەسئۇلىيىتىگە سەل قاراشنىڭ باھانىسى سۈپىتىدە ئىشلىتەلمەيدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ .*

---

ئەكسىچە، دۆلەت ئىچى مۇھىتى كىشىلىك ھوقۇق مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشنى «مۇمكىن بولمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرسە»، كارخانىلار كىشىلىك ھوقۇق پىرىنسىپىغا «شارائىتىنىڭ يار بېرىشىچە ئەڭ زور دەرىجىدە» ھۆرمەت قىلىشى ۋە بۇ تىرىشچانلىقنى نامايان قىلالىشى كېرەك.

«ب د ت يېتەكچى پىرىنسىپى»نى تېخنىكا شىركەتلىرىگە قوللىنىش بەزى ئالاھىدە خىرىسلارنى پەيدا قىلىدۇ. پەن-تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ تىجارىتى مۇرەككەپ بولغان ئەدلىيە تەۋەلىكى مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئابونتلىرى دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردە تارقالغان بولۇشى مۇمكىن. پەن-تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ تەمىنلىگەن مۇلازىمەتلىرىنىڭ كۆپ خىل ئىشلىتىلىشىنى كۆزدە تۇتقاندا، ئۇلار يەنە نۇرغۇنلىغان مۇرەككەپ بولغان «ئاخىرقى ئىشلىتىش» كىشىلىك ھوقۇق خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ .قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، نۇرغۇنلىغان پەن-تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ پىكىر ئەركىنلىكى ۋە ئۇچۇرغا ئېرىشىش ۋە باشقا ھوقۇقلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇلغاندا، ئۇلارنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ تىجارەت جەريانىدا كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىشى ئالاھىدە مۇھىم. «ب د ت يېتەكچى پىرىنسىپى» نى پەن-تېخنىكا مۇھىتىدا قوللىنىشقا بولىدىغان مەنبەلەرمۇ كۆنسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ،[24] شۇنداقلا پىرىنسىپلارمۇ

---

[24] For some examples, see the Global Network Initiative (GNI), Implementation Guidelines for the Principles on Freedom of Expression and Privacy, 2017; OHCHR, B-Tech Project; OHCHR, Report on the Practical

چىقىۋاتىدۇ، «مەسلەن سانتا كلارا پرىنسىپى» (بىر قانچە ئاساسلىق پەن-تېخنىكا شىركەتلىرى تەرىپىدىن تەرىپلەنگەن)،[25] بۇ پرىنسىپ مەزكۇر شىركەتنىڭ مەزمۇننى تەڭشەش جەريانىدىكى ئېنىقلىق ۋە جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشى ئۈچۈن قوللانغان مۇناسىپ ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مۇستەبىت مۇھىتتا، ھەرقايسى دۆلەتلەر «ب د ت يېتەكچى پرىنسىپى» نىڭ بىرىنچى تۈۋرۈكىدە بەلگىلەنگەن ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالماي، بۇ خىرىسلار تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا تىجارەت قىلىۋاتقان شىركەتلەر «يەر شارى تورى تەشەببۇسى» (GNI) تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئىجرا قىلىش يېتەكچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنبەلەرگە ئېرىشەلەيدۇ. بۇ تەشەببۇس كۆپ خىل مەنپەئەتدارلارغا تاقىشىدىغان تەشەببۇس بولۇپ، شىركەتلەرنىڭ بۇ ھوقۇقتا دەخلى-تەرۇز قىلغان ھۆكۈمەت تەلىپىگە دۇچ كەلگەندە، پىكىر ئەركىنلىكى ۋە شەخسىي مەخپىيەتلىككە ھۆرمەت قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. «يەر شارى تورى تەشەببۇسى»(GNI) نىڭ ئەزالىرى Google، Meta ۋە Microsoft قاتارلىق غەربنىڭ ئاساسلىق تېخنىكا شىركەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«يەر شارى تورى تەشەببۇسى»(GNI) نىڭ ئىجرا قىلىش كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، ھۆكۈمەتلەرنىڭ تەلەپلىرى پىكىر ئەركىنلىكى ياكى شەخسىي مەخپىيەتلىككە تەسىر يەتكۈزگەندە، ھۆكۈمەتلەرنى «كونكرېت، ئاشكارا ۋە ئېنىق» بولۇشقا ئىلھاملاندۇرۇشى كېرەك[26]. ئۇلار يەنە بۇ تەلەپلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈم ۋە تەرتىپلەرنى قوللىنىشى كېرەك. ئەگەر ئالاقىنى چەكلەش ياكى مەزمۇننى ئۆچۈرۈش تەلەپ قىلىنسا، ئۇلار ھۆكۈمەتلەرنى دۆلەت ئىچىدىكى قانۇن تەرتىپلىرىگە ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلىشى ۋە «ھۆكۈمەتتىن بۇ خىل تەلەپنىڭ قانۇنىي ئاساسىنى چۈشەندۈرىدىغان ئېنىق يازمىچە چۈشەندۈرۈش تەلەپ قىلىشى» كېرەك[27]. ئىشتىراك قىلغان شىركەتلەر يەنە ھۆكۈمەتنىڭ تەلىپىنى قەتئىي چۈشەندۈرۈشى كېرەك. تەلەپ چەكتىن ئېشىپ كەتكەن ياكى دۆلەت ئىچى قانۇنى ياكى كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىغا ماس كەلمەيدىغان بولسا، شىركەتلەر ئېنىق چۈشەندۈرۈش ياكى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىشى؛ ئالاقىدار ئورگانلار، كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرى ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشى ھەمدە دۆلەت ئىچىدىكى سوتلاردا ھۆكۈمەتكە جەڭ ئېلان قىلىشى كېرەك[28]. بۇ خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىش شىركەتلەرنىڭ «ب د ت يېتەكچى پرىنسىپى»نىڭ 23-پرىنسىپىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىغا ياردەم بېرەلەيدۇ.

مەزكۇر دوكلات «ب د ت يېتەكچى پرىنسىپى» نىڭ ئاساسىي رامكىسىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو، ۋيېتنام ۋە بىرمىنىڭ ۋەزىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. دوكلات ھەر بىر دۆلەت ئۈچۈن قىسقىچە ئارقا كۆرۈنۈش ئۇچۇرى بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئاندىن تېخنىكا شىركەتلىرىگە يۈكلەنگەن ئاساسلىق قانۇنىي مەجبۇرىيەتلەرنى يىغىنچاقلايدۇ، بۇ مەجبۇرىيەتلەر پىكىر ئەركىنلىكى ۋە شەخسىي مەخپىيەتلىك ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلىشقا چېتىشلىق بولۇشى مۇمكىن. ئاندىن ئۇ تاللانغان دېلولار تەتقىقاتىغا ئەھمىيەت بېرىپ، شىركەتلەرنىڭ بۇ تەلەپلەرگە قانداق جاۋاب قايتۇرغانلىقىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ .بۇ تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسئۇلىيىتى بىلەن زىت كېلىدىغان قانۇنىي تەلەپلەرگە دۇچ كەلگەن يۇقىرى مۇستەبىتلىك مۇھىتىدا «ب د ت يېتەكچى پرىنسىپى» نى قانداق يولغا قويغىلى بولىدىغانلىقىنى ئەمەلىي مۇلاھىزە قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

---

Application of the Guiding Principles on Business and Human Rights to the Activities of Technology Companies, 21 April 2022.

[25] The Santa Clara Principles On Transparency and Accountability in Content Moderation. Since 2018, twelve major companies – including Apple, Facebook (Meta), Google, Reddit, Twitter (X), and Github – have endorsed the Santa Clara Principles and the overall number of companies providing transparency and procedural safeguards has increased, as has the level of transparency and procedural safeguards provided by many of the largest companies.

[26] GNI, Implementation Guidelines, Guideline 3.3(a).

[27] GNI, Implementation Guidelines, Guideline 3.2(b).

[28] GNI, Implementation Guidelines, Guideline 3.3.

# جوڭگو

## دۆلەت ئارقا كۆرۈنۈشى

ئىنتېرنېتنىڭ دۇنياغا كەلگەن دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن باشلاپلا دۆلەت ئىنتېرنېت ئۇل ئەسلىھەلىرىنى كونترول قىلىشنى باشلىغان، شۇنداقلا كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈپ-نازارەت قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان تېخنىكا تەدبىرلىرى ۋە قانۇن قوراللىرى ئارقىلىق كونترول قىلىشنى كۈچەيتكەن. كۆپ يىللاردىن بۇيان، جۇڭگو ئۆزىنىڭ چېگراسىدىكى ئىنتېرنېت ۋە پۇقرالارنىڭ بۇ تورنى ئىشلىتىشكە بولغان ئالاھىدە ھوقۇقىنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىنتېرنېت ئىگىلىك ھوقۇقى تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ دەۋرىدە بۇ تەلەپ تېخىمۇ كۈچەيدى[29]. يېقىندا، جۇڭگو كومپارتىيىسى (ج ك پ) يەنە ج ك پ نىڭ قىممەت قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ۋە ئىلگىرى سۈرىدىغان «پاكىز» ۋە ئىناق بولغان ئىنتېرنېتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئىنتېرنېت مەدەنىيىتى» تەسەۋۋۇرىنى قىزغىن تەشۋىق قىلدى[30].

جۇڭگو ئىنتېرنېتنى كەڭ كۆلەمدە توسۇش ۋە سۈزۈشنى يولغا قويىدى. Facebook، WhatsApp، Twitter، Instagram، YouTube، Telegram ۋە Snapchat قاتارلىق ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاستىلىرى؛ Google ۋە Yahoo غا ئوخشاش ئىزدەش ماتورلىرى؛ BBC، «*نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتى*» ۋە «*رېيتېر ئاگېنتلىقى*» قاتارلىق خەلقئارالىق ئاخبارات ۋاستىلىرى ۋە ئۈچۈر مۇلازىمەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاساسلىق خەلقئارالىق تېخنىكا مۇلازىمەتلىرى جۇڭگودا چەكلەنگەن[31]. 2017-يىلدىن 2021-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا كۆپىنچە باشقا جايلاردا ئىشلەتكىلى بولىدىغان تەخمىنەن 55،000 ئاكتىپ ئەپلەر ئالما(Apple) شىركىتىنىڭ جۇڭگودىكى ئەپ دۇكىنىدىن غايىب بولغان[32]. سەزگۈر مەسىلىلەرنىڭ مەزمۇنىنى چەكلەش ئۈچۈن مەشغۇلات قىلىدىغان سۈزگۈچلەرمۇ بار بولۇپ، بۇلار مەسىلەن ئابونتلارنىڭ بەزى ئاچقۇچلۇق سۆزلەر بىلەن مەزمۇن يوللىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياكى بۇ خىل يازمىلارنى يوشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ[33].

جۇڭگو تەكشۈرۈش قوراللىرىنى ئىنتېرنېت ئۇل ئەسلىھەلىرىگە كىرگۈزۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ خېلى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ئىنتېرنېتنى پۈتۈنلەي ئۈزۈۋېتەلەيدۇ ۋە قامال قىلالايدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ تورنى پۈتۈنلەي ئېتىۋېتىشتە بىر قىسىم قوشنىلىرىغا قارىغاندا بېقىنىپ قېلىش دەرىجىسى خېلىلا تۆۋەن. مەسىلەن، 2009-يىلى 7-ئايدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نارازىلىق نامايىشىدىن كېيىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا تورنى 10 ئاي قامال قىلىش ئارقىلىق، دۇنيادىكى تۇنجى قېتىملىق ئەڭ چوڭ ئىنتېرنېت قامال قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى[34]. ئەمما، شۇنىڭدىن كېيىن، گەرچە ئىنتېرنېتنى ئۈزۈۋېتىش بۇ رايوندا ساقلىنىۋاتقان مەسىلە بولسىمۇ، ئەمما جۇڭگو يۇمشاق دېتال ئاچقۇچلىرى ۋە ئۈچۈر-تېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە قولغا ئېلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر تورچىلىقىنى تەكشۈرۈش(سېنزورلاش) ۋە «ئۆچۈرۈپ تاشلاش» ئۈچۈن بىر قاتار كەڭ دائىرىلىك تاكتىكىلەرنى قوللاندى[35]. جۇڭگو ھۆكۈمىتى تىبەتتىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تاكتىكىلارنى قوللانغان بولۇپ، مەخسۇس سېنزور(تەكشۈرۈش)لاش قائىدىسى، توردىكى مەزمۇنلارنى نازارەت قىلىشنى ئاساس قىلغان يەرلىك قانۇن ئىجرا قىلىش ئۇل ئەسلىھەلىرى ۋە توردىكى يازمىلارنى ئاساس قىلغان خالىغانچە تۇتۇپ تۇرۇش قاتارلىقلار بۇلارنىڭ ئۈلگىلىرىدىن ئىبارەت[36].

---

[29] S. McKune, The Contestation and Shaping of Cyber Norms Through China's Internet Sovereignty Agenda, *International Journal of Communication*, 12 (2018), pp. 3835–3855, p. 3837.

[30] *China Daily*, Official Calls for Advancing Cyber Civilization Progress, 29 August 2022; J. Costigan, Determining the Future of the Internet: The U.S.–China Divergence, Asia Society Policy Institute, 19 January 2023.

[31] Freedom House, Freedom on the Net 2023: China.

[32] J. Nicas, R. Zhong, and D. Wakabayashi, Censorship, Surveillance and Profits: A Hard Bargain for Apple in China, *New York Times*, 17 May 2021.

[33] J.Q. Ng, Tracing the Path of a Censored Weibo Post and Compiling Keywords that Trigger Automatic Review, The Citizen Lab, 10 November 2014.

[34] E. Wong, After Long Ban, Western China is Back Online, *New York Times*, 14 March 2010.

[35] M. Borak, The Strange Death of the Uyghur Internet, *Wired*, 2 November 2022.

[36] Human Rights Watch, 'Prosecute Them with Awesome Power': China's Crackdown on Tengdro Monastrery and Restrictions on Communications in Tibet, 6 July 2021.

تەكشۈرۈش(سېنزور) سىستېمىسىدىن باشقا، جۇڭگو يەنە توردا ھۆكۈمەتنى قوللايدىغان ياكى تەستىقلانغان مەزمۇنلارنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق ئۇچۇر مەنزىرىسىنى كونترول قىلىدۇ. بۇنىڭ قىسمەن بىر قىسمى ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ قوشۇمچە ئىش ئورنى سۈپىتىدە ئاممىۋى كۆپلىگەن يازما ھاسىل قىلىشى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئەمما جۇڭگو تەشۋىقات تارماقلىرى ۋە يەككە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىمۇ قەرەللىك ھالدا شەخسىي شىركەتلەرنى تەكلىپ قىلىپ، جامائەت پىكرىنى نازارەت قىلىدۇ ۋە تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى قوللايدۇ[37].

## تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ قانۇنىي مەجبۇرىيەتلىرى

جۇڭگونىڭ تەكشۈرۈش(سېنزورلاش) سىستېمىسى تېخنىكا شىركەتلىرىگە تەكشۈرۈش(سېنزورلاش) مەجبۇرىيىتى يۈكلەش ئارقىلىق قىسمەن ئىجرا قىلىنىدۇ. تېخنىكا شىركەتلىرى بىر قاتار قانۇن-نىزاملاردىكى مەزمۇنلارنى چەكلەشنى ئىجرا قىلىپلا قالماي، يەنە كودلاشتۇرۇلمىغان سىياسىي كۆرسەتمىلەرنى ئىجرا قىلىشى كېرەك[38]. جۇڭگو ئادەتتە قەستەن مۈجمەل ياكى جانلىق قانۇن چىقىرىدۇ، ئاندىن نۇرغۇن بەلگىلىمە ياكى باشقا كۆرسەتمىلەر بىلەن بۇ قانۇننى تولۇقلايدۇ. بۇ مۇرەككەپ بولغان ۋە بەزىدە خالىغانچە باشقۇرۇش مۇھىتىنى يارىتىدۇ. بۇ بۆلەكنىڭ قالغان قىسمىدا بىر قىسىم ئەڭ مۇھىم قانۇن-نىزاملار بايان قىلىنىدۇ، ئەمما بۇ قانۇن مەنزىرىسىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى كۆزدە تۇتقاندا، ئۇ ئەلۋەتتە ئەتراپلىق بولغان بىر تەكشۈرۈش ئەمەس.

جۇڭگونىڭ نۆۋەتتە ئىنتېرنېتنى نازارەت قىلىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ئاساسى قانۇنلارنىڭ بىرى بولسا «2017-يىلىدىكى تور بىخەتەرلىكى قانۇنى» دىن ئىبارەت.[39] «9-ماددا» غا ئاساسەن، تور تىجارەتچىسى قانۇن-نىزاملارغا رىئايە قىلىشى، ئىجتىمائىي ئەخلاققا ھۆرمەت قىلىشى، ئىشەنچلىك بولۇشى، ھۆكۈمەت ۋە ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. «47-ماددا» تور تىجارەتچىلىرىگە ئابونېتلار ئېلان قىلغان ئۇچۇرلارغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ھەققىدە مۈجمەل مەجبۇرىيەتنى يۈكلىگەن بولۇپ، چەكلەنگەن ئۇچۇرلارنى بايقىغان ھامان ئۇنى ئۆچۈرۈش ياكى مەلۇم قىلىش قاتارلىق چارىلەر ئارقىلىق بۇ ئۇچۇرلارنىڭ تارقىتىلىشنى «دەرھال» توختىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

«تور بىخەتەرلىكى قانۇنى» «ھالقىلىق ئۇچۇر ئۇل ئەسلىھە تىجارەتچىلىرى»(CIIO) ئۇقۇمىنى كۆرسىتىدۇ، ئەمما بۇ ئېنىق بېكىتىلمىگەن. CIIO ئۇچۇر مۇلازىمىتى ۋە تېلېگراف ساھەسىدىكى شىركەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالالايدۇ، ئەمما 2021-يىلىدىكى بەلگىلىمە ئالاقىدار كەسىپلەرنىڭ تارماقلىرىنىڭ كونكېرت قائىدىلەرنى تۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ[40]. ئەمەلىيەتتە، مەلۇم بىر شىركەت CIIO دەپ قارالسا، ئۇ بىر ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالىدۇ[41].
جۇڭگو مەلۇم رايون ياكى ئالاھىدە كەسىپلەردىكى تىجارەتلەرنىڭ سانلىق مەلۇماتى ياكى گەۋدىلىرىنىڭ يەرلىكلەشتۈرۈلۈشنى تەلەپ قىلىدۇ[42]. گەرچە بىر قىسىم مەنبەلەر ئوتتۇرىغا قويغاندەك ئۇ بارلىق ئىنتېرنېت شىركەتلىرى ۋە مۇلازىمەتلىرىگە قوللىنىلمىسىمۇ، بۇ بىر قەدەر كەڭرى سانلىق مەلۇمات يەرلىكلەشتۈرۈش تۈزۈمىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ[43]. «تور بىخەتەرلىكى قانۇنى» CIIO غا بەلگىلىك بولغان سانلىق مەلۇماتلارنى يەرلىكلەشتۈرۈش تەلىپىنى قويىدى، بۇ سانلىق مەلۇماتلار جۇڭگونىڭ سىرتىغا

---

[37] G. King, J. Pan, and M.E. Roberts, How the Chinese Government Fabricates Social Media Posts for Strategic Distraction, Not Engaged Argument, *American Political Science Review*, 111:3 (2017), pp. 484–501; J. Batke and M. Ohlberg, Message Control, *China File*, 20 December 2020.

[38] J. Knockel, K. Kato, and E. Dirks, Missing Links: A Comparison of Search Censorship in China, The Citizen Lab, 26 April 2023.

[39] For an unofficial English translation, see R. Creemers, P. Triolo, and G. Webster, Translation: Cybersecurity Law of the People's Republic of China (Effective June 1, 2017), New America, 29 June 2018.

[40] Creemers, Triolo, and Webster, Translation: Cybersecurity Law.

[41] A. Gamvros and L. Wang, 'Am I A CII Operator?' New Regulation Provides More Clarity, Norton Rose Fulbright, 18 August 2021.

[42] A. Douglas and H. Feldshuh, How American Companies Are Approaching China's Data, Privacy, and Cybersecurity Regimes, The US–China Business Council, April 2022

[43] Freedom House, Freedom on the Net 2023: China; A. Robertson, Facebook Takes a Shot at Apple in China, Says it Won't Store Data in Certain Countries, *The Verge*, 6 March 2019.

يۆتكىلىشتىن بۇرۇن چوقۇم بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈشى كېرەك.[44] يانفون، تور نامى تىزىملىتىش ۋە باشقا كونكېرت تور تىجارەتچىلىرىگە ھەققىي ئىسىم بىلەن تىزىملاش تەلىپى قويۇلغان بولۇپ، ئابونتلار چوقۇم ئۇلارنىڭ ھەققىي كىملىكى ھەققىدىكى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىشى كېرەك[45]. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تور تىجارەتچىلىرى بىخەتەرلىك ئورگانلىرىغا تېخنىكىلىق ياردەم ۋە قوللاش بىلەن تەمىنلىشى كېرەك[46]. 58-ماددىدا يەنە ئورگانلارنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىنى قوغداش ياكى زور بىخەتەرلىك ۋەقەلىرىگە تاقابىل تۇرۇشى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن رايوندا تور ئالاقىسىنى چەكلەش ئۈچۈن ۋاقىتلىق تەدبىر قوللىنىشىغا يول قويىدۇ.

«تور بىخەتەرلىكى قانۇنى» دىن باشقا، يەنە 2 قانۇن جۇڭگودا تىجارەت قىلىۋاتقان شىركەتلەرگە يۈكلەنگەن سانلىق مەلۇمات باشقۇرۇش مەجبۇرىيىتىنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلىدۇ[47]، بۇلار سانلىق مەلۇماتلارنىڭ چېگرا ھالقىپ يۆتكىلىشىگە چەك قويۇش قاتارلىق ئومۇمىي سانلىق مەلۇمات باشقۇرۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە ئالاھىدە باشقۇرۇش قائىدىسى(مەسىلەن سانلىق مەلۇماتلار دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تەسىر قىلامدۇ-يوق) گە بويسۇندىغان ئۇچۇر تۈرلىرىنى تەسىس قىلىدۇ. «2021-يىلىدىكى شەخسىي ئۇچۇرلارنى قوغداش قانۇنى» شىركەتلەرنىڭ شەخسىي ئۇچۇر قوغداش مەجبۇرىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئەمما قوشۇمچە ئامىللارنىمۇ كۆپەيتىدۇ، مەسىلەن بەلگىلىك ساندىن كۆپ شەخسىي ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان CIIO نىڭ سانلىق مەلۇماتنى يەرلىكلەشتۈرۈشى ۋە شەخسىي سانلىق مەلۇماتنىڭ چېگرا ئاتلاپ يۆتكىلىشىدىن بۇرۇن مەجبۇرىي دۆلەت بىخەتەرلىك باھالاشنى قىلدۇرۇش دېگەندەك[48].

تېخنىكا شىركەتلىرى يەنە تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتار دۆلەت بىخەتەرلىك قانۇندىكى قانۇنىي مەجبۇرىيەتلەرگە بويسۇنىدۇ:

- «2015-يىللىق دۆلەت بىخەتەرلىك قانۇنى»: مەزكۇر مۇھىم رامكا قانۇنى كارخانا ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ قاپلىغان دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، جامائەت پاراۋانلىقى ۋە باشقا «ئاساسلىق دۆلەت مەنپەئەتلىرى» نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ھەمدە دائىرىلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ[49]. ئۇ يەنە دۆلەتتىن دۆلەت تورى ۋە ئۇچۇر بىخەتەرلىكىنى قوغداش سىستېمىسى قۇرۇش، قانۇنسىز ۋە زىيانلىق ئۇچۇرلارنىڭ تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە جازالاش، تور بوشلۇقى ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداشنى تەلەپ قىلىدۇ[50].

- «2015-يىللىق تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى»(2018-يىلى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن): بۇ قانۇننىڭ 18-ۋە 19-ماددىلىرىدا تېلېگراف تىجارەتچىلىرى ۋە تور مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىگۈچىلەر (ISP) نىڭ بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنىڭ تېررورلۇق ھۇجۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تەكشۈرۈش ئۈچۈن تېخنىكىلىق ياردەم بىلەن تەمىنلىشىنى؛ تېررورلۇق مەزمۇنىنى نازارەت قىلىش سىستېمىسى ئورنىتىشىنى؛ ھەمدە تېررورلۇق ياكى ئاشقۇن مەزمۇنلارغا قارىتا تارقىتىشنى توختىتىشىنى، تور بېكەتلەرنى تاقاش ياكى ئۇچۇرلارنى ئۆچۈرۈش بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ[51].

- «2017-يىللىق دۆلەت ئىستىخبارات قانۇنى» (2018-يىلى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن): بۇ قانۇن ھەرقايسى ئىدارە-تەشكىلاتلارنىڭ دۆلەتنىڭ ئىستىخبارات خىزمىتىنى قوللاش، ياردەم بېرىش ۋە ھەمكارلىشىشتا مەجبۇرىيەت يۈكلەيدۇ ۋە

[44] Creemers, Triolo, and Webster, Translation: Cybersecurity Law, Article 37.

[45] Creemers, Triolo, and Webster, Translation: Cybersecurity Law, Article 24.

[46] Creemers, Triolo, and Webster, Translation: Cybersecurity Law, Articles 28 and 69.

[47] Creemers, Triolo, and Webster, Translation: Cybersecurity Law.

[48] Creemers and G. Webster, Translation: Personal Information Protection Law of the People's Republic of China – Effective Nov. 1, 2021, unofficial English translation, DigiChina, 20 August 2021, Article 40.

[49] China Law Translate, National Security Law of the People's Republic of China, unofficial English translation, 1 July 2015, Articles 2, 11, and 79.

[50] National Security Law, Articles 25 and 59.

[51] China Law Translate, Counter-Terrorism Law (as amended in 2018), unofficial English translation, 27 December 2015, Article 84.

ئىستىخبارات خادىملىرىغا خىزمەت جەريانىدىكى ئالاقە قوراللىرى، ئىمارەتلەر ۋە مۇناسىۋەتلىك ھۆججەت ۋە ماتېرىياللارنى زىيارەت قىلىشقا ھوقۇق بېرىدۇ[52].

- «2023-يىللىق جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى»: بۇ تۈزىتىلگەن ۋە كېڭەيتىلگەن قانۇن دۆلەت بىخەتەرلىك ئورگانلىرىغا جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش پائالىيىتى جەريانىدا ئەسلىھە ۋە ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەرنى تەكشۈرۈش ۋە ئالاقىدار سانلىق مەلۇماتلارغا ئېرىشىشى ئۈچۈن بىر قەدەر كەڭ ھوقۇق بېرىدۇ[53].

ئۇنىڭدىن باشقا تور بوشلۇقنى ئىدارە قىلىدىغان ۋاستىچىلەرنىڭ تىجارىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن بەلگىلىمىلەر بار. بۇ بەلگىلىمىلەر بەك كۆپ بولغاچقا، بۇ يەردە ھەممىسىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بولغىلى بولمايدۇ، ئەمما يېقىنقى مۇھىم بەلگىلىمىلەر تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

- 2019-يىللىق تور ئۇچۇر مەزمۇنى ئېكولوگىيىلىك سىستېمىسىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر: بۇ بەلگىلىمىلەر ئىلگىرىكى قائىدىلەرنى تېخىمۇ سىستېمىلىق بولغان قائىدىلەر رامكىسىغا مۇجەسسەملەيدۇ[54]. ئۇلار 3 خىل مەزمۇنغا قاراتمىلىق قىلىدۇ: قانۇنسىز مەزمۇن، بۇنىڭغا كەڭ تۈرلەردە ئېنىقلىما بېرىلگەن بولۇپ، جۈملىدىن دۆلەت بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزۈش، شان-شەرەپكە داغ يەتكۈزۈش ياكى ئاساسىي قانۇنغا قارشى تۇرۇش بۇنىڭ تۈرىگە كىرىدۇ. سەلبىي مەزمۇنلار، مەسىلەن جىنسىي ياكى شەھۋانىي تېمىدىكى مەزمۇن؛ ئىلھاملاندۇرىدىغان مەزمۇن، مەسىلەن: «شى جىنپىڭ تەپەككۇرى» نى تەشۋىق قىلىدىغان مەزمۇنلار[55] ۋە باشقا ج ك پ نى قوللايدىغان باشقا مەزمۇنلار. تور ئابونتلىرى، مەزمۇن ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋە مۇلازىمەت سۇپىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ بۇ خىل مەزمۇنلارغا قارىتا ئوخشىمىغان مەسئۇلىيىتى بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى يەنە توردىن پايدىلىنىپ تۆھمەت قىلىش، تەھدىت سېلىش ياكى ساختا ھېسابات تىزىملاش قاتارلىق قانۇنسىز قىلمىشلاردىن ساقلىنىشى كېرەك[56].

- سۇپىلارنىڭ «قانۇنسىز» تۈرىدىكى مەزمۇنلارنى تارقىتىشى ئالاھىدە چەكلەنگەن بولۇپ، ئۇلار چوقۇم سۇپىنىڭ بەزى مۇھىم قىسىملىرىدا پاسسىپ مەزمۇنلارنىڭ چىقىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىشى كېرەك. ئۇلار يەنە خاسلاشتۇرۇش(شەخسىيلەشتۈرۈش) ئالگورىزىملىرىنى مەزمۇن تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇشى، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ مۇۋاپىق ئىشلىتىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى ھەمدە ئېلانغا بولغان تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىشى كېرەك[57]. تېخىمۇ ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئۇلار چوقۇم تور مەزمۇن ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى باشقۇرىدىغان قائىدە ۋە سىستېمىلارنى ئورنىتىشى كېرەك، مەسىلەن ئابونتلارنى تىزىملاش ۋە ئىنكاسلارنى تەكشۈرۈش سىستېمىسى دېگەندەك[58]. ئۇلار يەنە مەلۇم ئىدارىي تەلەپلەرنى قاندۇرالىشى كېرەك[59].

---

[52] China Law Translate, PRC National Intelligence Law (as amended in 2018), unofficial English translation, 27 June 2017, Articles 7 and 16–17.

[53] China Law Translate, Counter-espionage Law of the P.R.C. (2023 ed.), unofficial English translation, 26 April 2023, Article 25–26 (among others).

[54] R. Davis, China's New Internet Censorship Rules Outline Direction For Content, *Variety*, 3 January 2020.

[55] For an explanation of 'Xi Jinping Thought', see ARTICLE 19, The Digital Silk Road: China and the Rise of Digital Repression in the Indo-Pacific, 2024, p. 18.

[56] China Law Translate, Provisions on the Governance of the Online Information Content Ecosystem, unofficial English translation, 21 December 2019, Articles 21–25.

[57] China Law Translate, Provisions on the Governance of the Online Information Content Ecosystem, Articles 12–14.

[58] China Law Translate, Provisions on the Governance of the Online Information Content Ecosystem, Article 9.

[59] China Law Translate, Provisions on the Governance of the Online Information Content Ecosystem, Articles 15–17.

- تەۋسىيە قىلىش ئالگورىزىملىرىنىڭ بەلگىلىمىسى: بۇ 2022-يىلدىكى بەلگىلىمە ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرىدا قوللىنىلغانغا ئوخشاش تەۋسىيە قىلىش ئالگورىزىملىرىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى[60]. ئۇ تەۋسىيە ئالگورىزىمىنىڭ ئابونتلارنىڭ «ئاساسىي ئىقىم قىممىتى بىلەن ماسلىشىشى» ۋە «ئاكتىپ ۋە كۆتۈرەڭگۈ پائالىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈشى» نى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىگۈچىلەر «جامائەت پىكرى خۇسۇسىيىتى ياكى ئىجتىمائىي سەپەرۋەرلىك ئىقتىدارى بارلار» دەپ تۇر ئايرىلىشى مۇمكىن. بۇ خىل شىركەتلەر چوقۇم مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارغا ئالگورىزىمغا مۇناسىۋەتلىك تەپسىلىي ئۇچۇرلارنى بېرىشى كېرەك. بۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن، جۇڭگو ئاساسلىق شىركەتلەرنى ئالگورىزىم سانلىق مەلۇماتلىرىنى ئورتاقلىشىشقا مەجبۇرلىدى شۇنداقلا يېڭى ئالگورىزىملارنىڭ تىزىملىكىنى قۇردى. بۇ تىزىملىكنىڭ ئاشكارا نۇسخىسىدا ئۇچۇرلار ئانچە كۆپ ئەمەس بولۇپ، شىركەتلەرنىڭ ئەمەلىي تەۋسىيە قىلىش سىستېمىسى ھەققىدە قىسمەن چۈشەنچىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئەمما دائىرىلەرنىڭ تېخىمۇ تەپسىلىي سانلىق مەلۇماتلارنى زىيارەت قىلىش مۇمكىنچىلىكى بار[61].

- «2022-يىللىق ئىنتېرنېت يازما-ئىنكاس مۇلازىمەتلىرىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» :بۇ بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، جامائەت پىكرى تەمىنلەيدىغان ياكى ئىنكاس بىلدۈرەلەيدىغان ئىنتېرنېت مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىگۈچىلەر چوقۇم تىزىملاتقان ھېساباتلارنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈشى، ئىنكاسلارنى يوللاشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ خەۋەر ئۇچۇرلىرى بولغان-بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈشى، قانۇنسىز ۋە سەلبىي ئۇچۇرلارنى باشقۇرۇش سىستېمىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى، تەھرىر گۇرۇپپىسىنى تەيىنلەپ ئىنكاسلارنى تەكشۈرۈشى، ئابونتلار كېلىشىمىگە ئاساسەن ئىنكاسلارنىڭ مەزمۇنىنى تەكشۈرۈشى، قانۇنسىز ۋە سەلبىي ئىنكاسلارغا چارە قوللىنىشى، ئابونت باھالاش تۈزۈمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى، ھەمدە ئىشەنچسىز ئابونتلارنىڭ قارا تىزىملىكىنى قۇرۇپ چىقىشى كېرەك[62].

- «2022-يىللىق ئىنتېرنېت ئابونتى ھېسابات ئۇچۇرلىرىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە»: كۆپ يىللاردىن بۇيان، جۇڭگو تور مۇلازىمىتىنى ئىشلىتىش ئۈچۈن ھەرخىل ھەقىقىي سالاھىيەتنى دەلىللەش تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ بەلگىلىمىلەر ئەڭ يېڭىلىرى بولۇپ، نەشر بويۇملىرى ياكى تېز ئۇچۇر مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان شىركەتلەردىن ئابونتلارنىڭ ھەقىقىي سالاھىيەت ئۇچۇرلىرى بىلەن دەلىللىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلار بۇ ئۇچۇرلارنى تەكشۈرۈپ چىقىشى، «تور ئۇچۇر مەزمۇنى ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى» دە كۆرسىتىلگەن قانۇنسىز ياكى سەلبىي مەزمۇنلارنىڭ يوللىنىشىنى چەكلىشى ۋە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلار ئابونتلارغا مۇلازىمەت قىلىشنى رەت قىلىشى كېرەك. ئۇلار يەنە ئابونتلارنىڭ IP ئادرېسىنىڭ ئورنىنى ئاشكارا كۆرسىتىشى كېرەك.

جۇڭگونىڭ قانۇنىي رامكىسى تېخنىكا شىركەتلىرىگە مەزمۇن تەكشۈرۈش(سېنزورلاش) ھەققىدە بىۋاستە مەجبۇرىيەت يۈكلەيدۇ ھەمدە شىركەتلەردىن ئېنىق بەلگىلەنمىگەن زىيانلىق مەزمۇنلارنى ئاكتىپلىق بىلەن تاسقاپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھالبۇكى بۇ كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىگە ماس كەلمەيدۇ. چەكلەنگەن مەزمۇنلارنىڭ تۈرلىرى «قانۇندا بەلگىلەنگەن» تەلەپكە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن بەك كەڭ دائىرىدە بېكىتىلگەن بولۇپ،، نۇرغۇنلىرى قانۇنلۇق مەزمۇنلارنىمۇ چەكلەيدۇ. جۇڭگونىڭ بىخەتەرلىك قانۇنى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شىركەتلەردىن تەرتىپ كاپالىتى ۋە مۇستەقىل نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش كەمچىل بولغان نازارەت سىستېمىسىدا ھەمكارلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىر قىسىم سانلىق مەلۇمات قوغداش قائىدىلىرى شەخسىي ئورۇنلارنىڭ شەخسىي مەخپىيەتلىكنى قوغدىشىنى تەلەپ قىلسىمۇ، ئەمما ئۇلار يەنە دۆلەتنىڭ بۇ سانلىق مەلۇماتلارنى زىيارەت قىلىشىغا شارائىت ھازىرلاپ

[60] R. Creemers, G. Webster, and H. Toner, Translation: Internet Information Service Algorithmic Recommendation Management Provisions – Effective March 1, 2022, unofficial English translation, DigiChina, 10 January 2022; for another version, see China Law Translate, Provisions on the Management of Algorithmic Recommendations in Internet Information Services, 4 January 2022.

[61] A. Liang, Chinese Internet Giants Hand Algorithm Data to Government, BBC, 16 August 2022; M. Sheehan and S. Du, What China's Algorithm Registry Reveals about AI Governance, Carnegie Endowment for International Peace, 9 December 2022.

[62] China Law Translate, Provisions on the Management of Internet Post Comments Services, unofficial English translation, 17 November 2022.

بېرىدۇ ھەمدە دۆلەتنىڭ بۇ سانلىق مەلۇماتلارنى قالايمىقان ئىشلىتىشنىڭ ئالدىنى ئالالمايدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، جۇڭگودا تىجارەت قىلىۋاتقان سوپىلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان قىلمىشلارغا ياردەملىشىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

## تېخنىكا شىركىتىنىڭ ئىنكاسلىرى

جۇڭگونىڭ رەقەملىك مۇھىتنى قاتتىق كونترول قىلىشى ھەمدە يېقىندىن بۇيان چوڭ پەن-تېخنىكا شىركەتلىرىگە بولغان دۈشمەنلىكى - غەربتىكى ئاساسلىق پەن-تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ جۇڭگو بازىرىدا ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىنى تەشكىل تاپالايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مەسىلەن: 2009-يىلىدىن باشلاپ Twitter، Facebook، ۋە YouTube جۇڭگودا چەكلەندى[63]. بەزى پەن-تېخنىكا شىركەتلىرى يوشۇرۇن پۇل تېپىش مۇمكىنچىلىكى بولغان جۇڭگو بازىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۇرۇنغاندىن كېيىن، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ۋە سىياسىي مۇھىتنىڭ قىيىنلىقى سەۋەبىدىن قىسمەن ياكى پۈتۈنلەي ھالدا جۇڭگو بازىرىدىن چېكىنىپ چىقتى. بۇ چېكىنىش قارارلىرىنىڭ سودا سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى كىشىلىك ھوقۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش سەۋەبىدىن ئىكەنلىكى-ئەمەسلىكى ھەمىشە ئېنىق ئەمەس. مەسىلەن، LinkedIn نىڭ جۇڭگو بازىرىغا كىرەلىشى ئۇنىڭ سىياسىي سەزگۈر مەزمۇنلارنى تەكشۈرۈشى(سېنزورلىشى) شۇنداقلا 2 يەرلىك شىركەتنىڭ پاي ھوقۇقىغا ئېرىشىشىگە قوشۇلغانلىقىدىن ئىدى [64]. 2021-يىلىغا بارغاندا، LinkedIn جۇڭگو بازىرىدا قالغان بىردىنبىر غەربتىكى ئاساسلىق ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىسى بولۇپ قالدى، ھەمدە مەزمۇننى تەكشۈرۈش(سېنزورلاش) ھەققىدە كۈنسېرى ئاشقان بېسىمغا دۇچ كەلدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى ئۇ رىقابەتلىك بەلگىلىمىلەر ۋە تىجارەت مۇھىتىنى باھانە قىلىپ، ئاساسلىق سۇپىسىنى جۇڭگو بازىرىدىن چېكىندۈردى[65].

ئوخشاشلا، Google ئەسلىدە 2006-يىلى جۇڭگو بازىرىغا كىرگەندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ تەكشۈرۈش(سېنزورلاش) تەلىپىنى ئورۇنداشقا قوشۇلغان ئىدى. 2010-يىلى، Google جۇڭگودىن كەلگەن ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان خاككېرلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان بولۇپ، جۇڭگو پائالىيەتچىلىرىنىڭ ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقىنى زىيارەت قىلىش بۇ ھۇجۇمنىڭ مەقسىتى بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن Google بۇنىڭدىن كېيىن تەكشۈرۈش(سېنزورلاش) تەلىپىگە قوشۇلمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى ۋە خەنزۇچە ئىزدەش ماتورىنى شياڭگاڭغا يۆتكىدى، گەرچە ئۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو Google نىڭ ئاساسلىق مۇلازىمىتىنى توستى[66]. ھالبۇكى، 2018-يىلى Google نىڭ تەكشۈرۈلگەن(سېنزورلانغان) ئىزدەش نەتىجىسىنى ھاسىل قىلىدىغان جۇڭگوغا خاس ئىزدەش پىروگراممىسىنى تەتقىق قىلىۋاتقانلىقى(ئېچىۋاتقانلىقى) ئوتتۇرىغا چىقتى. ئاۋامنىڭ نارازىلىقىدىن كېيىن، Google بۇ پىكرىدىن ۋاز كەچتى[67].

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ تېخنىكا ساھەسىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولماقتا ۋە تېز تەرەققىي قىلماقتا، بۇنىڭ ئىچىدە ئەلى بابا، تېڭشۈن ۋە بەيدۇ قاتارلىق تېخنىكا ماگناتلىرى بار بولۇپ، كۈچلۈك ئىگىلىك تىكلەش مەدەنىيىتىمۇ بار[68]. جۇڭگو پەن-تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى بولۇپ، ئۇلار يېقىندىن ھەمكارلىشىدۇ، ھەمدە يېقىندا بەك كۈچلۈك دەپ قارالغان پەن-تېخنىكا شىركەتلىرىگە زەربە بېرىش ۋەقەلىرى يۈز بەردى.

---

[63] A. Abkowitz, D. Seetharaman, and E. Dou, Facebook Is Trying Everything to Re-Enter China – and It's Not Working, *Wall Street Journal*, 30 January 2017; L. Hornby and Y. Le, China to Require Internet Domain Name Registration, Reuters, 22 December 2009.

[64] P. Mozur, LinkedIn Said It Would Censor in China: Now That It Is, Some Users Are Unhappy, *Wall Street Journal* (blog), 4 June 2014; P. Mozur and V. Goe, To Reach China, LinkedIn Plays by Local Rules, *New York Times*, 5 October 2014.

[65] P. Mozur, R. Zhong, and S. Lohr, China Punishes Microsoft's LinkedIn Over Lax Censorship, *New York Times*, 18 March 2021; L. McLellan, The Last US-Owned Social Media Platform in China Is Closing, Quartz, 14 October 2021.

[66] Google, A New Approach to China, Official Blog, 12 January 2010; M. Sheehen, How Google Took on China – and Lost, MIT Technology Review, 19 December 2018.

[67] Amnesty International UK, Google: Drop Project Dragonfly, 18 May 2020; J. Su, Confirmed: Google Terminated Project Dragonfly, Its Censored Chinese Search Engine, *Forbes*, 19 July 2019.

[68] L. Khalil, Digital Authoritarianism, China and COVID, Lowy Institute, 2 November 2022.

شىركەتلەردىن كۆنسېرى كۆپچىيۋاتقان ج ك پ كومىتېتلىرىنى كۆتۈۋېلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ[69]. جۇڭگودىكى دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار بارغانسېرى جۇڭگو شىركەتلىرىنىڭ «ئالتۇن پاي» لىرىنى سېتىۋېلىشماقتا. بۇ پايلار ئادەتتە پەقەت 1% لىك پاينى ئىگىلەيدۇ، ئەمما شىركەت مۇدىرىيىتىدە بىر ئورنى ۋە ياكى بەزى مۇھىم قارارلارغا قارىتا ئىنكار قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ[70]. ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، جۇڭگودىكى ئاساسلىق پەن-تېخنىكا شىركەتلىرى بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچۇر يوللاش ئىنتايىن «ئەتراپلىق ۋە سىستېمىلىق» بولۇپ، بۇ شىركەتلەرنىڭ سانلىق مەلۇماتنى ھۆكۈمەت بىلەن ئورتاقلىشىش بېسىمىغا ئاسانلا ئۇچرايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ[71]. جۇڭگو پەن-تېخنىكا شىركەتلىرى كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ھەققىدە «رەقەملىك ھوقۇق رەت تەرتىپى» دە ئومۇمەن ناچار نومۇر ئالىدۇ[72]. ئىزدەش ماتورى بولغان بەيدۇ ھېچ بولمىغاندا بىر تۈرلۈك كىشىلىك ھوقۇق تۈزۈمىنى يولغا قويغان بولۇپ، گەرچە بۇ توغرا يۆنىلىشكە قاراپ تاشلانغان بىر قەدەم بولسىمۇ، ئەمما بۇمۇ ئانچە نورمال ئەمەس ھەمدە تۈزۈمى ئاجىز، مەسىلەن، تۈزۈمدە ئابونتلارنىڭ پىكىر قىلىش ھوقۇقىنى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق مىزانىغا ئاساسەن ئەمەس دۆلەت قانۇنىغا ئاساسەن قوغدىلىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ[73].

جۇڭگودىكى داڭلىق داڭلىق شىركەتلەرنىڭ بىرى بولغان «زىجىيې تىياۋدوڭ»(ByteDance، خەنزۇچە: 字节跳动) چەتئەلدىكى ئابونتلارنى رازى قىلىش شۇنداقلا جۇڭگونىڭ دۆلەت ئىچىدىكى تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، خەلقئارالىق ئابونتلار ۋە جۇڭگو ئابونتلىرى ئۈچۈن ئايرىم ئەپلەر(Tiktok ۋە دوۋيىن، خەنزۇچە: 抖音) نى تەمىنلىدى. TikTok ھازىر ئاشكارىلىق دوكلاتىنى ئېلان قىلدى ھەمدە چەتئەلدىكى مەزمۇنلارغا ئەمدى جۇڭگونى ئاساس قىلغان مەزمۇن باشقۇرغۇچىلارنى ئىشلەتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى[74]. ھالبۇكى، دوۋيىن جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىگە تولۇق ماسلاشقاندەك قىلىدۇ. ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان بىر سابىق خىزمەتچى دوۋيىننىڭ جۇڭگو تور بوشلۇقى باشقۇرۇش ئىدارىسى(CAC)نىڭ دائىملىق كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش(سېنزورلاش) مەشغۇلاتى ئېلىپ بارغانلىقىنى، بەزىدە بىر كۈنگە 100 دىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى[75]. 2021-يىلىدىن بېرى، جۇڭگونىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى بىر كارخانىسى دوۋيىننىڭ ئىجازەتنامىسى ئالغان تارماق شىركەتنىڭ ئالتۇن ئۈلۈشىنى ساقلاپ كەلمەكتە[76]. «رەقەملىك ھوقۇق تەرتىپى» ھەر ئىككى شىركەت بىلەن ئالاقە قىلىشقا ئۇرۇنغاندىن كېيىن، «زىجىيې تىياۋدوڭ»(ByteDance) نىڭ «ئاۋامنىڭ تەنقىدىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئارىلاشما ئەندىزىسى» بار دەپ يەكۈن چىقاردى، يەنى بېيجىڭدىكى ئىشخانا جۇڭگوغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلسا، ئامېرىكا ۋە سىنگاپوردىكى ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى TikTok غا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. «قايسى بىرىنىڭ يەنە بىرىگە قانچىلىك دەرىجىدە خەۋەر قىلىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس »[77].

جۇڭگودا قېلىپ قالغان غەرب پەن-تېخنىكا شىركەتلىرى بارغانسېرى «زىجىيې تىياۋدوڭ»(ByteDance) غا ئوخشاش ئىستراتېگىيىنى يولغا قويۇشى مۇمكىن. تۆۋەندىكى ئەھۋال تەتقىقاتىدا كۆرسىتىلگىنىدەك، جۇڭگودىكى كەسىپلىرىنى ھەمىشە خەلقئارالىق كەسىپلەردىن پۈتۈنلەي ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگونىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇش كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەرگەن غەرپ شىركەتلىرىگىمۇ قىيىن سوئاللارنى پەيدا قىلدى.

---

69 J. Horowitz, China to Send State Officials to 100 Private Firms including Alibaba, Reuters, 23 September 2019.

70 Reuters, Fretting about Data Security, China’s Government Expands Its Use of ‘Golden Shares’, 15 December 2021; P. Frater, Chinese Government Taking Stakes in China’s Top Video Streaming Platforms, Says Report, *Variety*, 13 January 2023.

71 Khalil, Digital Authoritarianism.

72 Ranking Digital Rights, The 2020 RDR Index, 2020.

73 Baidu, Baidu Releases Human Rights Policy, Business & Human Rights Resource Centre, 11 November 2020.

74 TikTok, Government Removal Requests Report, 12 May 2023; Wall Street Journal, TikTok to Stop Using China-Based Moderators to Monitor Overseas Content, 15 March 2020.

75 S. Lu, I Helped Build ByteDance’s Censorship Machine, *Machine Learning Times*, 18 February 2021.

76 Y. Yang and B. Goh, Beijing Took Stake and Board Seat in Key ByteDance Domestic Entity This Year, Reuters, 17 August 2021.

77 J. Zhang, Why Won’t Chinese Companies Talk to Us? It’s Complicated, Ranking Digital Rights, 2022.

## مسال تەتقىقاتى: جوڭگودىكى ئالما(Apple) شىركىتى

ئالما شىركىتى(Apple) بولسا Microsoft بىلەن بىللە جوڭگودا كۆرۈنەرلىك ئورنىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان غەربتىكى ئاساسلىق تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ بىرى. جوڭگو بولسا Apple شىركىتى ئۈچۈن ھەم ياسىمچىلىق (ئالما شىركىتىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى جوڭگودا قۇراشتۇرۇلىدۇ) ۋە كىرىمى جەھەتتە ناھايىتى مۇھىم (2023-يىلى بىرىنچى پەسلىدە، Apple شىركىتىنىڭ جوڭگودىن قىلغان كىرىمى 24 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېقىنلاشتى، بۇ ئۇنىڭ پۈتكۈل ياۋروپادىن قىلغان ئومۇمىي كىرىمىدىن ئازراقلا ئاز)[78]. Apple شىركىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى «ب د ت كىشىلىك ھوقۇق يېتەكچى پرىنسىپى» نى ئاساس قىلىدىغان بولۇپ، دۆلەت قانۇنى ۋە خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمى ئوخشىمايدىغان ئەھۋالدا «تېخىمۇ يۇقىرى بولغان ئۆلچەم» گە ئەمەل قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەگەر ئۇلاردا توقۇنۇشۇپ قېلىش يۈز بەرسە، دۆلەت قانۇنىغا ھۆرمەت قىلىش بىلەن بىرگە، كىشىلىك ھوقۇق پرىنسىپىغا «ھۆرمەت قىلىشقا تىرىشىدۇ»[79]. ئەمەلىيەتتە بولسا، گەرچە Apple شىركىتى جوڭگونىڭ بىر قىسىم تەلەپلىرىنى كەينىگە قايتۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىق ئالامەتلىرىنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما كۆپىنچە ئەھۋالدا جوڭگو قانۇنىنى ئاساس قىلىپ، ئاخىرىدا ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىدۇ[80].

Apple شىركىتىنىڭ ئەپ دۇكىنىدىكى ئەپلەرنى ئۆچۈرۈۋېتىش تارىخى دەل بۇ ئۇسۇلنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇزۇندىن بۇيان جوڭگو دۆلەت ئىچىدىكى بارلىق تور بېكەتلەرنىڭ تور مەزمۇنىنى تەمىنلىگۈچىلەردىن ئارخىپ نومۇرى(商备案号)نى ئىلتىماس قىلىشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن. 2016-يىلى، تور ئويۇنلىرىدىنمۇ بۇ ئىجازەتنامىگە ئېرىشىشنى تەلەپ قىلدى. Apple شىركىتى ئېنىقكى قائىدىدىكى بىر قىسىم يوچۇقلارنى ئىشلىتىش ئارقىلىق، جوڭگودىكى شىركەتلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى ئاندىرويىد دۇكانلىرى تەرىپىدىن ئاللىقاچان ئىجرا قىلىنغان ئەھۋالدا، بۇ تەلەپنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى كېچىكتۈرەلىدى. ھالبۇكى، 2020-يىلى Apple شىركىتى جوڭگو دائىرىلىرىنىڭ قاتتىق باستۇرۇشىدىن كېيىن بەلگىلىمىگە ماس كەلمەيدىغان ئەپلەرنى تازىلىدى[81].

2023-يىلىدىن بېرى، جوڭگو بارلىق ئەپلەردىن بۇ ئىجازەتنامىگە(باشقا تەلەپلەردىن باشقا) ئېرىشىشنى تەلەپ قىلىپ كەلدى. Apple شىركىتى خىزمەتچىلىرى جوڭگو ئەمەلدارلىرى بىلەن بىر قاتار مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپ، بۇ قائىدىگە بولغان ئەندىشىسىنى ئىپادىلىدى، ئەمما 2023-يىلى ئۆكتەبىردىن باشلاپ، Apple شىركىتى ئۇنى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى[82]. بۇ ھالبۇكى بىر مۇھىم تەرەققىيات، چۈنكى ئابونتلار ئۇزۇندىن بۇيان Apple شىركىتىنىڭ ئەپ دۇكىنىدىن پايدىلىنىپ، Instagram، YouTube ۋە WhatsApp قاتارلىق جوڭگودا چەكلەنگەن ئەپلەرنى زىيارەت قىلالايتى؛ ئىشلەتكۈچىلەر ئۇلارنى ئەپ بازىرىدىن چۈشۈرۈپ، ئاندىن VPN ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى زىيارەت قىلالايتى[83].

بۇ ئادەتتىكى ئىجازەت تەلىپىنى ئىجرا قىلىشتىن باشقا، Apple شىركىتى ئۇزۇندىن بۇيان جوڭگودا سىياسىي جەھەتتە سەزگۈر دەپ قارالغان ئەپلەرنى ئۆچۈرۈۋەتكەنلىكى، ھەمىشە ئاشكارا بولمىغان ئۇسۇلدا قىلغانلىقى ئۈچۈن تەنقىدكە ئۇچراپ كەلگەن. مەسىلەن، 2021-يىلىدىكى *«نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتى»* نىڭ ئانالىزىدا كۆرسىتىلىشىچە، Apple شىركىتىنىڭ ئۆزىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئاساسەن، ئۇلار 2018-يىلىدىن 2020-يىلىغىچە 1217 ئەپنى ئۆچۈرۈۋەتكەن بولۇپ، جوڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ 91% تەلىپىنى تەستىقلىغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا باشقا بارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردا بولسا جەمئىي بولۇپ 253 ئەپنى ئۆچۈرۈۋەتكەن(ئۆچۈرۈش

[78] F. Laricchia, Revenue of Apple by Geographical Region from the First Quarter of 2012 to 3rd Quarter 2023, Statista, 17 May 2024.

[79] Apple, Our Commitment to Human Rights, 2020.

[80] For more on Apple's actions in China, see M. Caster, Blog: Apple Says It Cares about Digital Rights. Unless You're in China, ARTICLE 19, 13 July 2021.

[81] J. Porter, Apple Closes Chinese App Store Loophole, Causing Thousands of Games to be Removed, *The Verge*, 22 June 2020; Al-Jazeera, Game Over: Apple Removes Thousands of Titles from China App Store, 15 July 2020.

[82] Y. Kubota, Y. Jie, and A. Tilley, Apple's Latest China Challenge: A Crackdown That Could Shrink Its App Store, *Wall Street Journal*, 29 September 2023; Apple Developer, Reference: App Information; W. Davis, Apple Is Locking Down the iPhone App Store to Comply with a New Law in China, *The Verge*, 3 October 2023.

[83] Kubota, Jie, and Tilley, Apple's Latest China Challenge.

تەلىپىنىڭ 40% نى تەشكىل قىلىدۇ)[84]. «*نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتى*» نىڭ مۆلچەرلىشىچە، 2017-يىلىدىن بۇيان 55،000 ئەپ ئەپ دۇكىنىدىن غايىب بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ رەقەم(ئۆچۈرۈلگەن ئەپ سانى) ئىنتايىن تۆۋەن ئىكەن. Apple شىركىتى بۇ رەقەملەرگە نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ، نۇرغۇنلىغان پىروگراممېرلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئەپلەرنى ئۆچۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ھالبۇكى، «*نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتى*» ئاز دېگەندە بىر قىسىم پەرقلەرنىڭ Apple شىركىتىنىڭ ئەپلەرنى ئۆچۈرۈش تەلىپى بولمىغان ئەھۋالدىمۇ ئىچكى قىسىمدىكى تەكشۈرۈش(سېنزورلاش) بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىدى.

---

*Apple شىركىتى ئەپ دۇكىنىنىڭ سابىق باشلىقىنىڭ ئېيتىشىچە، Apple شىركىتىنىڭ جۇڭگودىكى ئادۋوكاتلىرى ئۇنىڭ ئەترىتىگە «تىيەنئەنمېن مەيدانى» قاتارلىق چەكلەنگەن تېمىلارنىڭ تىزىملىكىنى بەرگەن، ئاندىن مۇناسىۋەتلىك ئەپلەر تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆچۈرۈلگەن.*

---

«تېخنىكا ئاشكارىلىقى قۇرۇلۇشى»(Tech Transparency Project) دوكلاتىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يەكۈننى چىقاردى، دوكلاتتا ئېيتىلىشىچە، ئالتە ئاي ئىچىدە 3200 ئەپ يوقاپ كەتكەن بولۇپ، ھالبۇكى Apple شىركىتى دوكلات قىلغان ئەپلەر بولسا پەقەتلا بىر قانچە يۈز. گەرچە، بۇ يوقاپ كەتكەن ئەپلەرنى ئەپ ئاچقۇچىلار ئۆزلۈكىدىن ئۆچۈرۈۋېتەلەيدىغان بولسىمۇ، ئەمما «تېخنىكا ئاشكارىلىقى قۇرۇلۇشى» نىڭ چىقارغان يەكۈنى بولسا، بۇ ئەپلەرنىڭ پۈتۈنلەي يوقاپ كەتكەنلىكىگە ئاساسەن، Apple شىركىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق، دىن، سىياسەت ۋە LGBTQI+ مەسىلىسى قاتارلىق سەزگۈر مەزمۇندىكى ئەپلەرنى قوشۇمچە تەكشۈرۈشى(سېنزورلىشى)نىڭ مۇمكىنچىلىكى بار[85]. دوكلاتتا يەنە يوقاپ كەتكەن 330 VPN ئەپلىرى ئېنىقلاندى. Apple شىركىتى بارلىق VPN تەمىنلىگۈچىلىرىنىڭ ھۆكۈمەت ئىجازەتنامىسى ئېلىشىنى تەلەپ قىلىدىغان يېڭى قانۇنلارغا ئاساسەن، 2017-يىلىدىن باشلاپ ئەپ دۇكىنىدىن VPN ئەپلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىشكە باشلىدى، ھەمدە شىركەتنىڭ يېڭى بەلگىلىمىگە ماس كەلمەيدىغان ئەپلەرنى ئۆچۈرۈشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى[86].

Apple شىركىتى يەنە جۇڭگونىڭ بېسىمىغا قارىتا ئېنىق جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن باشقا ئۆزگەرتىشلەرنى ئېلىپ باردى(گەرچە بۇ ھەقتە كونكرېت قانۇني تەلىپى بولمىسىمۇ). 2022-يىلى نامايىشچىلار Apple شىركىتىنىڭ AirDrop ھۆججەت ھەمبەھىرلەش ئىقتىدارىنى ئىشلەتكەندە، Apple شىركىتى ناتونۇش كىشىلەر بىلەن ھۆججەت ھەمبەھىرلەشنى 10 مىنۇتلۇق چەكلەيدىغان ئىقتىدارنى ئوتتۇرىغا چىقاردى.  ئەڭ ئاخىرىدا، 2023-يىلى 6-ئايدا، «دۆلەتلىك ئۇچۇر باشقۇرۇش باشقارمىسى» AirDrop غا ئوخشاش سىمسىز ھۆججەت ھەمبەھىرلەش مۇلازىمىتىنى چەكلەيدىغان قانۇن بەلگىلىمىسىنىڭ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى، ئەمما Apple شىركىتىنىڭ 2022-يىلىدىكى ھەرىكىتى بولسا قانۇني تەلەپكە ئەمەس، بەلكى جۇڭگونىڭ بېسىمىغا قايتۇرغان ئىنكاسى ياكى ئۆزى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قىلغان ئىشى بولۇشى مۇمكىن[87].

گەرچە Apple شىركىتى غەربتە مەخپىيەتلىكنى قوغدىغۇچى قەھرىمانىنىڭ ئوبرازىنى تىكلىگەن بولسىمۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شەخسىي ساھەدىكى تەلەپلىرىگە بارغانسېرى بويسۇنماقتا [88]. 2017-يىلى، «تور بىخەتەرلىكى قانۇنى» دىكى يېڭى قانۇني تەلەپلەرگە ئاساسەن، Apple شىركىتى جۇڭگودىكى خېرىدارلىرىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىنى جۇڭگو ئىچىدىكى مۇلازىمېتىرلارغا

---

[84] Nicas, Zhong, and Wakabayashi, Censorship, Surveillance and Profits.

[85] Tech Transparency Project, Apple Is Censoring Its App Store for China, 23 December 2020.

[86] UN Special Rapporteur on the promotion and protection of the right to freedom of opinion and expression, Letter to Tim Cook, 4 August 2017.

[87] W. Chan, Why Is Apple Limiting Chinese Protesters' Use of AirDrop?, Fast Company, 29 November 2022; R. Cheung, China Plans New Rules to Regulate File Sharing Services Like Airdrop and Bluetooth, *Guardian*, 9 June 2023.

[88] K. O'Flaherty, Apple Slams Facebook and Google with Bold New Privacy Ad, *Forbes,* 25 May 2022.

يۆتكىدى[89]. ئەينى ۋاقىتتا Apple شىركىتى يەرلىكتە ساقلانغان سانلىق مەلۇماتلارنى قوغداش ئۈچۈن مەخپىيلەشتۈرۈش ئاچقۇچىغا بولغان زىيارەت هوقۇقلىرىنى ساقلاپ قالغانلىقنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئەمما كېيىن جۇڭگونىڭ iCloud شىفىرىنى يېشىش ئاچقۇچلىرىنىڭ جۇڭگودا ساقلىنىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى[90].

Apple شىركىتى يەنە جۇڭگونىڭ قانۇنىغا ئەمەل قىلىش ئۈچۈن تەلەپكە بىنائەن جۇڭگو دائىرىلىرى بىلەن سانلىق مەلۇماتلارنى ھەمبەھىرلەيدۇ. بۇ شىركەتنىڭ ئامېرىكا قانۇنىدىكى مەجبۇرىيىتى بىلەن توقۇنۇش پەيدا قىلىشى مۇمكىن، ئامېرىكا قانۇنى ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ جۇڭگو قانۇن ئىجراچىلىرى بىلەن سانلىق مەلۇماتلارنى ھەمبەھىرلىشىشنى چەكلەيدۇ. بۇ مەجبۇرىيەتلەرنى ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، Apple شىركىتى جۇڭگودىكى خېرىدارلىرىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىنىڭ قانۇنلۇق ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى جۇڭگو شىركىتى بولغان GCBD (گۈيجۇ-بۇلۇت چوڭ سانلىق مەلۇمات شىركىتى، خەنزۇچە: 云上贵州) غا ئۆتكۈزۈپ بەردى. Apple شىركىتىنىڭ جۇڭگودىكى خېرىدارلىرىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىغا بولغان تەلىپىنى ھازىر جۇڭگو ھۆكۈمىتى GCBD غا قويىدىغان بولۇپ، بۇ دېگەنلىك Apple شىركىتى ئەمدى تېخنىكا جەھەتتىن سانلىق مەلۇمات بىلەن تەمىنلەيدىغان گەۋدە ئەمەس[91]. Apple شىركىتىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۈچۈرلىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2022-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئۇ ئابونتلاردىن سانلىق مەلۇماتلىرىغا قارىتا 1481 شەخسىي تەلەپنى تاپشۇرۇۋالغان، بۇ 167854 ئوخشىمىغان ئۈسكۈنە ۋە ھېسابات ئۈچۈرلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، Apple شىركىتى بۇ تەلەپلەرنىڭ 95% قىسمى ئۈچۈن سانلىق مەلۇمات بىلەن تەمىنلىگەن[92].

---

*Apple شىركىتىنىڭ پايچىكلىرى ئۇنىڭ جۇڭگودىكى قىلمىشىغا قارىتا بىر قىسىم قايتۇرما زەربىلەرنى تەشكىللىدى . پايچىكلار بىلەن تاشلاش ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئالما مەھسۇلاتلىرىنىڭ پىكىر ئەركىنلىكىنى چەكلىشىگە ئۇرۇنۇشىغا قارىتا تېخىمۇ يۇقىرى ئاشكارا بولغان تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويىدى. پايدا ئالمايدىغان بىر تەشكىلات تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ تەكلىپ گەرچە قاراردىن ئۆتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما 40% پايچىكنىڭ ئاۋازىغا ئېرىشتى، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ شىركەت ئىلگىرى تىلغا ئېلىنغان «كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى» نى ئېلان قىلدى[93]. كۆپىنچە پەن-تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ پاي قۇرۇلمىسىنىڭ خاراكتېرى سەۋەبىدىن، پەن-تېخنىكا شىركىتى ئارقا كۆرۈنۈشىدە پايچىكلارنىڭ تەشەببۇس قىلىشى خىرىسقا دۇچ كېلىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇ بارغانسىرى بىر تەشەببۇس قورالى سۈپىتىدە قوللىنىلىپ، پۇقرالار بوشلۇقى چەكلىمىگە ئۇچرىغان جۇڭگوغا ئوخشاش دۆلەتلەردە ئۈنۈملۈك بولغان بىر تاكتىكىغا ئايلىنىشى مۇمكىن[94].*

---

[89] Nicas, Zhong, and Wakabayashi, Censorship, Surveillance and Profits.
[90] Caster, Apple Says it Cares about Digital Rights.
[91] O'Flaherty, Apple Slams Facebook and Google.
[92] Apple, China Mainland: Transparency Report, July–December 2022.
[93] Tech Transparency Project, Apple Is Censoring Its App Store for China; Eko, 40% of Shareholders Defy Apple Management in Vote on China Cyber Surveillance, 26 February 2020.
[94] J. Rydzak, Dissecting Big Tech's Shareholder Showdown, Ranking Digital Rights, 16 June 2022; A.L. Nabors, Is Momentum on Tech Shareholder Activism Stalling? How to Reinvigorate It in 2024, Ranking Digital Rights, 5 July 2023.

## مسال تەتقىقاتى: جۇڭگودىكى Microsoft Bing

Microsoft نىڭ ئىزدەش ماتورى بولغان Bing جۇڭگو بازىرىدا يەنىلا ئاكتىپ ھالەتتە بولۇپ، ھەتتا 2023-يىلى جۇڭگو دۆلەت ئىچىدىكى ئىزدەش ماتورىدىن ئېشىپ، جۇڭگودىكى 1-چوڭ ئىزدەش ماتورىغا ئايلاندى[95]. ئۇ جۇڭگونىڭ تەكشۈرۈش(سېنزورلاش) تەلپىگە بويسۇنغانلىقى ئۈچۈن، جۇڭگو بازىرىدا تۇرالىدى.

Bing ئۆزىنىڭ جۇڭگودىكى سىياسىتىنى مۇزاكىرە قىلىشنى رەت قىلدى، ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئىزدەش نەتىجىسىدىن سەزگۈر دەپ قارىغان مەزمۇنلارنى ھەقىقەتەن تەكشۈرىدۇ(سېنزورلايدۇ)[96]. 2023-يىلىنىڭ بېشىدا، «پۇقرالار تەجرىبىخانىسى» بىر تەتقىقات نەتىجىسىنى ئېلان قىلىپ، جۇڭگودىكى 8 چوڭ ئىزدەش سۇپىسىنىڭ تەكشۈرۈش(سېنزورلاش) دەرىجىسىنى سېلىشتۇردى[97] . تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، Bing ئىزدەش نەتىجىلىرىدىكى سىياسىي ۋە دىنىي مەزمۇنلارنى تەكشۈرۈش(سېنزورلاش) نىسبىتى جۇڭگونىڭ ئاساسلىق ئىزدەش ماتورى بولغان بەيدۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭگودىكى ئوخشاش كەسىپتىكىلەردىن يۇقىرى بولغان[98]. بۇ تەتقىقات چەتئەل شىركەتلىرىنىڭ تەكشۈرۈلۈشى(سېنزورلىنىشى) ئىنتايىن تۆۋەن بولغان مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيدۇ دېگەن نەزەرىيەگە بولغان ئېغىر گۇماننى ئوتتۇرىغا قويىدى.

Microsoft نىڭ قانچىلىك دەرىجىدە سۆھبەتلەشكەنلىكى ياكى قايتۇرما زەربە بەرگەنلىكى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار بەك چەكلىك. ئەمما، Microsoft نىڭ ئوخشىمىغان مەزگىللەردە دائىرىلەر تەرىپىدىن زەربە بېرىلگەنلىك ئالامەتلىرى بار. 2014-يىلى 7-ئايدا، Microsoft نىڭ جۇڭگودىكى 4 ئىش بېجىرىش ئورنى ئەمەلدارلارنىڭ تۇيۇقسىز ئاقتۇرۇشىغا ئۇچرىغان، ئەمەلدارلار باشقۇرغۇچىلارنى سوراق قىلغان ۋە شىركەتنىڭ مۇلازىمېتىرلىرىدىن سانلىق مەلۇماتلارنى چۈشۈرگەن[99]. 2019-يىلى، Bing جۇڭگودا ۋاقىتلىق چەكلىنىپ قالغان بولۇپ، شۇ كۈنى دائىرىلەر «زىيانلىق» ئۇچۇرلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن 733 تور بېكەتنى تاقىۋەتكەنلىكىنى ۋە 9382 ئەپنى تاقىۋەتكەنلىكىنى ئېلان قىلغان . Microsoft شىركىتى Bing نى ۋاقىتىنچە زىيارەت قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەندە، Microsoft نىڭ رەئىسى براد سمىس Microsoft نىڭ ئىلگىرى Bing نىڭ ئىزدەش نەتىجىسى توغرىسىدا خىتاي دائىرىلىرى بىلەن «قىيىن سۆھبەت» لەرنى ئۆتكۈزگەنلىكى، ھەتتا «ئىختىلاپلار» بولغان كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى، ئەمما Microsoft نىڭ «نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان سۆھبەت ياكى ئىختىلاپلارنى بىلمەيدىغانلىقىنى، شۇڭا بىز ئۇنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمىز » دەپ ئىپادە بىلدۈرگەن[100]. 2021-يىلى ۋە 2022-يىلى يەنە، Bing نازارەت قىلىش-باشقۇرۇش ئورگانلىرىنىڭ ئاپتوماتىك تەۋسىيە بېرىش ئىقتىدارىنى ۋاقىتىنچە توختىتىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ھالبۇكى Bing ۋاقىتىنچە توختىتىشنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرمىگەن[101].

كۆپ يىللاردىن بۇيان، Bing نىڭ ئىزدەشكە نىسبەتەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانلىقى(سېنزورلىغانلىقى)غا ئائىت پاكىتلار بار. 2009-يىلى، ئىنگلىز تىلىدا ياكى ئەنئەنىۋى خەنزۇ يېزىقىدا(繁体中文) «تيەنئەنمېن» قاتارلىق ئاتالغۇلارنى ئىزدىگەندە «قاتىللىق» توغرىسىدىكى ئىزدەش نەتىجىلىرىگە ئېرىشكەن بولسا، ئەمما ئاددىيلاشتۇرۇلغان خەنزۇچىدە(简体中文) ئىزدەشتە «پاكىز سېنزورلانغان، كومپارتىيەنى ياقلايدىغان ئىزدەش نەتىجىلىرى» گە ئېرىشكەن[102] . Microsoft ئۆزىنىڭ ئىزدەش نەتىجىسنى تەكشۈرۈۋاتقانلىقى(سېنزورلاۋاتقانلىقى) نى رەت قىلىپ، بۇنىڭ ئۆگىنىشلىۋاتقان بىر خاتالىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان

---

[95] A. Hasnain, [Microsoft Bing Emerges as China's Favorite Search Engine](), Digital Information World, 24 May 2023.

[96] T. Simonite, [US Companies Help Censor the Internet in China, Too](), *Wired*, 3 June 2019.

[97] Knockel, Kato, and Dirks, [Missing Links]().

[98] Knockel, Kato, and Dirks, [Missing Links]().

[99] P. Mozur and K. Weise, [China Appears to Block Microsoft's Bing as Censorship Intensifies](), *New York Times*, 23 January 2019.

[100] S. Pham, [Microsoft Search Engine Bing Was Briefly Blocked in China](), CNN, 24 January 2019.

[101] Reuters, [Microsoft's Bing Suspends Auto Suggest Function in China at Government's Behest](), 17 December 2021; Reuters, [China Requires Microsoft's Bing to Suspend Auto-Suggest Feature](), 21 March 2022.

[102] N. Kristof, [Microsoft and Chinese Censorship](), 24 June 2009, *New York Times Opinion*.

بولسمۇ، ھالبۇكى 6 ئايدىن كېيىن بۇ ئوخشاش ئىزدەشلەرنىڭ يەنىلا تەكشۈرۈلۈۋاتقانلىقى(سېنزورلىنىۋاتقانلىقى)نى كۆرگىلى بولغان[103].

بەزى ۋاقىتلاردا، جۇڭگودىكى سىياسىي تېمىلارنى تەكشۈرۈشى(سېنزورلىشى) نىڭ جۇڭگونىڭ سىرتىدىكى Bing ئىزدەش نەتىجىلىرىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىۋاتقاندەك قىلغان. 2014-يىلى، ئامېرىكىدا ئىنگلىز تىلى بىلەن ئاددىيلاشتۇرۇلغان خەنزۇ يېزىقىدا ئىزدىگەندە، ئوخشىمىغان نەتىجىلەر كۆرۈلگەن، ئېنىقكى دالاي لاما ياكى تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى نامايىش قاتارلىق تالاش-تارتىشلىق تېمىلار تەكشۈرۈلگەن(سېنزورلانغان). ھالبۇكى Bing ئۇنىڭ سىستېمىدىكى خاتالىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ مەسىلىنى سىستېمىغا خاتالىقىغا ئارتقان.[104] بىر مۇتەخەسسىس Microsoft نىڭ خەلقئارادا ئىزدەش نەتىجىلىرىنى قەستەن تەكشۈرمەيدىغانلىقىنى، ئەمما «ئىككىنچى قول» تەكشۈرۈش(سېنزورلاش) قىلىدىغانلىقىنى، چۈنكى ئۇنىڭ نورمال ئىزدەش ئالگورىزىمىنىڭ تەكشۈرۈلگەن(سېنزورلانغان) جۇڭگو ئۇچۇر مۇھىتىدا ئىشلىتىلىشىنىڭ تەسىرىنى ئويلاشمىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى[105]. قانداقلا بولمىسۇن، Bing بۇ مەسىلىنى ھەل قىلالمىغاندەك قىلىدۇ. 2021-يىلى، «تانكا ئادەم» نى ئىزدەش نەتىجىسىدە تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى نامايىشچىنىڭ بەلگە خاراكتېرلىك رەسىمىنى كۆرسىتەلمىدى[106]. «پۇقرالار تەجرىبىخانىسى» نىڭ 2022-يىلىدىكى تېخىمۇ ئەتراپلىق بولغان تەتقىقاتىدا يەنە ئامېرىكا ۋە كانادادىكى ئاپتوماتىك تەكلىپ بېرىش ئىقتىدارىنىڭ جۇڭگودا تەكشۈرۈلۈۋاتقان(سېنزورلىنىۋاتقان) سىياسىي سەزگۈر نەتىجىلەرنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرسىتىۋاتقانلىقى بايقالغان. ئاپتورلار بۇنىڭغا قارىتا ھەر خىل سەۋەبلەرنى قىياس قىلغان، ئەمما ئەڭ ئاخىرىدا بۇ سۈپىنىڭ جۇڭگو سىرتىدىكى تىجارىتىنى جۇڭگونىڭ ئىچىدە ئىجرا قىلىۋاتقان تەكشۈرۈش(سېنزورلاش) تىن ئايرىپ ساقلاپ قېلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى يەكۈنلىگەن[107].

[103] Kristof, Microsoft and Chinese Censorship.

[104] D. Rushe, Microsoft Blames 'System Error' but Denies Censoring Chinese Search Results, *Guardian*, 12 February 2014.

[105] Rushe, Microsoft Blames 'System Error'.

[106] BBC, Microsoft Says Error Caused 'Tank Man' Bing Censorship, 5 June 2021; M. Caster, Opinion: Big Tech Needs a Reset on Chinese Censorship, Thomson Reuters Foundation News, 7 June 2021.

[107] J. Knockel and L. Ruan, Bada Bing, Bada Boom: Microsoft Bing's Chinese Political Censorship of Autosuggestions in North America, The Citizen Lab, 19 May 2022.

# ڤيتنام

## دۆلەت ئارقا كۆرۈنۈشى

ۋيېتنامنىڭ تەكشۈرۈش(سېنزورلاش) ۋە نازارەت قىلىش سىستېمىسى جۇڭگونىڭكىدەك ئەتراپلىق ئەمەس، ئەمما ۋيېتنام ھۆكۈمىتىنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سىستېمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارزۇسى بار بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ سىستېما يەنىلا بىر قەدەر مۇرەككەپ بولغان تېخنىكىلىق نازارەت قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، تورسىز نازارەت قىلىش ۋە ئۆكتىچىلەرنى قولغا ئېلىش ۋە تۈرمىگە تاشلاشلارنى قوشقاندا، مەزكۇر دۆلەتنىڭ پىكىر ئەركىنلىكى بوشلۇقى قاتتىق بېسىم ئاستىدا.

ۋيېتنام ھۆكۈمىتى بۇ دۆلەتتىكى تېلېگراف ئۇل ئەسلىھەلىرىنى كونترول قىلىدۇ، بۇ ئەسلىھەلەر دۆلەت ۋە ھەربىي ئىگىدارچىلىقىدىكى تېلېگراف شىركەتلىرىنىڭ قولىدا بولۇپ، ھۆكۈمەتكە ئىنتېرنېتنى زىيارەت قىلىشنى چەكلەش ھوقۇقى بېرىدۇ . مەسىلەن، نامايىش ۋە مۇھىم ئاقارتىش ياكى چوڭراق بولغان جازا ھۆكۈم قىلىش مەزگىلىدە، ۋيېتنام ئىنتېرنېت زىيارىتىغا چەكلىمە قويۇش ۋە Facebook مۇلازىمىتىنى ئاستىلىتىش قاتارلىق تاكتىكىلار بىلەن، «مېتا»(بۇرۇنقى Facebook) شىركىتىنى كۆپلىگەن مەزمۇنلارنى ئۆچۈرۈۋېتىشكە مەجبۇرلىدى[108]. چەتئەل ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ تور بېكەتلىرى ۋە سىياسىي ياكى كىشىلىك ھوقۇق مەزمۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تور بېكەتلەرمۇ دائىم دۆلەت تەرىپىدىن قامال قىلىنىدۇ. بىر تەتقىقاتتا 2022-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا مىڭدىن ئارتۇق زىيارەت قىلغىلى بولمايدىغان تور بېكەت خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى سىياسىي تەنقىد ياكى خەۋەر مېدىيالىرى ئىگىلىگەن[109]. ھۆكۈمەت مىنىستىرلىقلىرىنىڭ ئۆزلىرىمۇ ھەر يىلى مىڭلىغان تور بېكەتلەرنى چەكلىگەنلىكىنى دوكلات قىلىدۇ[110].

تېخنىكىلىق جەھەتتىن مەزمۇننى كونترول قىلالمىغان يەردە، ۋيېتنام ئادەم كۈچىنى ئىشلىتىپ ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنى نازارەت قىلىدۇ ۋە توردىكى بايانىنى شەكىللەندۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. 2017-يىلى، ۋيېتنام ئارمىيىسى «47-قىسىم» دېۋىزىيىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى، پەرەز قىلىنىشىچە، مەزكۇر دېۋىزىيەسىنىڭ ھۆكۈمەتنى ياقلايدىغان مەزمۇنلارنى تەشۋىق قىلىشقا مەسئۇل 10 مىڭ «تور ئەسكىرى» بار ئىكەن[111]. ئۇنىڭدىن باشقا، «پىكىر شەكىللەندۈرگۈچىلەر» تەشكىللىگەن پاراللېل پۇقراۋىي پىدائىيلار تەشكىلاتلىرىمۇ بار بولۇپ، بۇ گۇرۇپپىلارنىڭ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھازىرچە ئېنىق ئەمەس . ۋيېتنامدا جۇڭگوغا ئوخشاش ئىنتېرنېتنى مۇتلەق كونترول قىلىشقا كېرەك بولغان بايلىق كەمچىل بولغاچقا، ۋيېتنام «جامائەت پىكرى شەكىللەندۈرگۈچىلەر» تىن پايدىلىنىپ، ئاۋامنىڭ ھۆكۈمەتكە بولغان قارىشىنى كونترول قىلىپ، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي تاراتقۇ ھېساباتلىرىنىڭ ئىنكاس بۆلۈملىرىدە كۈچلۈك بولغان ئورنىنى ساقلاپ كەلدى؛ ئۇنىڭدىن باشقا، توربەتلەرنى ھۆكۈمەتنى قوللايدىغان ئۈچۈرلار بىلەن «كەلكۈندەك» تولدۇرۇش ئارقىلىق، ھۆكۈمەتنى قوللايدىغاندەك خاتا تەسىرات يارىتىپ كەلدى. [112] بۇ نازارەتچىلەر يەنە توردا ۋە ساقچىغا مەلۇم قىلىش ئارقىلىق تەنقىدچىلەر ۋە پائالىيەتچىلەرنى نىشانلىدى ياكى پاراكەندە قىلدى[113].

ۋيېتنام يەنە «جىنايى ئىشلار قانۇنى» نى تەكشۈرۈش(سېنزورلاش) قورالى سۈپىتىدە ئىشلىتىدۇ. «خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى» 2020-يىلىغا قەدەر، ۋيېتنامدىكى ۋىجدان مەھبۇسلىرىنىڭ 40% تىن كۆپرەكىنىڭ پەقەت ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاستىلىرىنى ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈنلا تۈرمىگە تاشلانغانلىقىنى ئېيتتى. [114] ۋيېتناملىق پائالىيەتچىلەرنىڭ تەشكىلاتى بولغان «88 قۇرۇلۇشى»نىڭ ئىستاتىستىكا قىلىشىچە، 2023-يىلى ئۆكتەبىرگە قەدەر، 178 پائالىيەتچىنىڭ تۈرمىگە تاشلانغان، سەۋەبى بولسا ئۇلارنىڭ «جىنايى

---

[108] M. Caster, Vietnam: Confronting Digital Dictatorship, ARTICLE 19, 12 September 2023.

[109] Independent researchers (anonymous), K. Koh, and S.N. Samsudin, iMAP State of Internet Censorship 2022 – Vietnam, OONI, 23 December 2022.

[110] Freedom House, Freedom on the Net 2022: Vietnam and Freedom on the Net 2023: Vietnam (both citing Vietnamese-language government sources).

[111] J. Pearson, Insight: How Vietnam's 'influencer' Army Wages Information Warfare on Facebook, Reuters, 9 July 2021.

[112] Viet Tan, #StopVNtrolls: Combatting Force 47 and Cyber Censorship, 30 January 2023.

[113] S. Biddle, Facebook Lets Vietnam's Cyberarmy Target Dissidents, *The Intercept*, 21 December 2020.

[114] Amnesty International, Viet Nam: Tech Giants Complicit in Industrial-Scale Repression, 1 December 2020.

ئىشلار قانۇنى» نىڭ 117-ۋە 331-ماددىسىغا چېتىلىپ قالغانلىقى بولغان[115]. بۇ ماددىلارغا ئاساسەن ھۆكۈمەتكە ئائىت بۇرمىلانغان ئۇچۇرلارنى ھەمبەھىرلىگەنلەر ياكى سۆز ئەركىنلىكى ياكى باشقا ئەركىنلىكلەردىن قالايمىقان پايدىلىنىپ دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىگە دەخلى-تەرۇز قىلغانلار كۆپ يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىشى مۇمكىن[116]. بۇ خىل بەلگىلىمىلەر كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىگە ئىغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلىدىغان بولۇپ، ئاسانلا ئۆكتىچى پىكىردىكىلەرنى باستۇرۇشقا ئىشلىتىلىپ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ بەلگىلىمىلەر ژۇرنالىستلار، پائالىيەتچىلەر ۋە بلوگگېرلارنىڭ توردىكى يازمىلىرىغا قارشى دائىم ئىشلىتىلگەن[117].

## تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ قانۇني مەجبۇرىيەتلىرى

ۋيېتنام توردىكى تەكشۈرۈش(سېنزورلاش) خىزمىتىگە ياردەملىشىشكە خۇسۇسىي شىركەتلەردىن ياردەم ئالىدۇ. مەزكۇر دۆلەت بىر قاتار قانۇنلارنى چىقىرىپ، تېخنىكا شىركەتلىرىگە مەزمۇننى تەكشۈرۈپ-تەستىقلاش ياكى ئۆچۈرۈۋېتىشنى، شۇنداقلا دائىرىلەر بىلەن سانلىق مەلۇماتلارنى ئورتاقلىششىنى تەلەپ قىلغان. نۆۋەتتە مۇھىم يېڭى قانۇن ۋە نىزاملارنىڭ لايىھەسى تۈزۈلۈۋاتىدۇ:

- «72/2013-نومۇرلۇق پەرمان»(ۋە قوشۇمچە پەرمان لايىھىسى) : بۇ دائىرىسى كەڭرى بولغان پەرمان بولسا ۋيېتنامنىڭ ئىنتېرنېتنى باشقۇرۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم قانۇني ھۆججەتلىرىنىڭ بىرى. ئۇ بەزى مۇلازىمەت تەمىنلىگۈچىلەرگە ۋاستىچى جاۋابكارلىق ۋە باشقا مەجبۇرىيەتلەرنى بەلگىلەيدۇ .مەسلەن، «توپلانغان ئۇچۇر تور بېكەتلىرى» ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە تورى بىلەن تەمىنلەيدىغان شىركەتلەر ۋيېتنامدا چوقۇم كەم دېگەندە بىر مۇلازىمېتىر ئورنىتىپ، دائىرىلەرگە سانلىق مەلۇماتلارنى تەمىنلىشى كېرەك، شۇ ئارقىلىق چەكلەنگەن مەزمۇنلارنىڭ تارقىلىشىدىن ساقلىنىشى، ھەمدە دائىرىلەرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن چەكلەنگەن مەزمۇنلارنى ئۆچۈرۈۋېتىشى كېرەك[118].

  ئەگەشمە بەلگىلىمە 72-نومۇرلۇق پەرماندىكى تەلەپلەرنى تېخىمۇ تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. ھالبۇكى، مەزكۇر تېكىست يېزىلىۋاتقان ۋاقىتتا، 72-نومۇرلۇق پەرماننىڭ ئورنىنى ئالىدىغان پەرمان لايىھىسى مۇزاكىرە قىلىنماقتا. باشقا ئىشلاردىن سىرت، بۇ ئىجتىمائىي تاراتقۇ ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ شەخسىي ئۇچۇرلىرى بىلەن ھېساباتىنى دەلىللىشىنى تەلەپ قىلىدۇ ھەمدە سۇپىلارنىڭ مەزمۇنلارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەكشۈرۈشنى ۋە 24 سائەتلىك ئۆچۈرۈۋېتىش ئۇقتۇرۇشىغا بويى سۇنۇشنى تەلەپ قىلىدۇ[119].

- «2019-يىللىق تور بىخەتەرلىكى قانۇنى»(LCS): LCS مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىگۈچىلەر ۋە «سىستېما باشقۇرغۇچىلىرى» غا بىر قاتار مەجبۇرىيەتلەرنى بەلگىلەيدۇ، ئۇلار LCS بېكىتكەن «تور خىزمەت گۇرۇپپىسى» نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن چوقۇم چەكلەنگەن مەزمۇنلارنى ئۆچۈرۈۋېتىشى كېرەك[120] . سىستېما باشقۇرغۇچىلاردىن يەنە چوقۇم چارە قوللىنىپ، دۆلەت مەخپىيەتلىكى شۇنداقلا سودا ۋە شەخسىي مەخپىيەتلىك قاتارلىق باشقا مەخپىي ئۇچۇرلارنىڭ ھەمبەھىرلىنىپ كېتىشىنى بايقاش ۋە توسۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ[121]. تور بېكەتلەر ۋە سۇپىلار دۆلەت بىخەتەرلىكىگە دەخلى-تەرۇز قىلىدىغان ھەر قانداق مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەزى مەزمۇنلارنى تەمىنلىمەسلىكى ياكى تارقاتماسلىقى كېرەك[122]. ئىجرا قىلىش بەلگىلىمىسى بولمىغانلىقى

[115] The 88 Project, Database of Persecuted Activists in Vietnam.

[116] Penal Code, No. 100/2015/QH13, 27 November 2015, English translation.

[117] OHCHR, Viet Nam: Arrests Send Chilling Message before Key Party Meeting – UN Experts, 14 January 2021.

[118] Articles 24–25. The requirements are slightly different for each category. Aggregated information websites appear to have a stronger obligation to screen for and remove prohibited content, while social networks must avoid providing it.

[119] Caster, Vietnam: Confronting Digital Dictatorship; Global Network Initiative, GNI Submission to the Government of Vietnam on Potential New Decree 72 on the Management, Provision and Use of Internet Services and Online Information, 2023.

[120] Law on Cybersecurity, No. 24/2018/QH14, 12 June 2018, English translation, Articles 16(6) and 26(2).

[121] Law on Cybersecurity, Article 17(2).

[122] Law on Cybersecurity, Article 26.

ئۇچۇن، بۇ تەلەپلەرنىڭ ھېچقايسىسى ناھايىتى ئېنىق ئەمەس، ئەمما ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ۋاستىچىلىك جاۋابكارلىقى ھەققىدە قانۇنىي رامكا بىلەن تەمىنلەيدۇ.

26-ماددا يەنە مۇلازىمەت تەمىنلىگۈچىلەردىن ئابونتلار تىزىملاتقاندىن كېيىن، ئابونتلارنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىنى دەلىللىشنى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقىغا LCS نىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلمىشلارنى تەكشۈرۈشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئابونتلارنىڭ ئۇچۇرلىرى بىلەن تەمىنلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. باشقا بەلگىلىمىلەر جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكىدىكى تور خىزمەت ئەترىتىگە بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان تەكشۈرۈش ھوقۇقى بېرىدۇ، بۇلار ئۇچۇر سىستېمىسىدا ساقلانغان ئۇچۇرلارنى تەكشۈرۈش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ۋيېتنام پۇقرالىرىنىڭ شەخسىي ئۇچۇرلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان چەتئەل شىركەتلەر چوقۇم سانلىق مەلۇماتنى يەرلىكلەشتۈرۈش تەلىپىگە رىئايە قىلىشى كېرەك، ھەمدە ئۇلارنىڭ ۋيېتنامدا چوقۇم بىر شۆبىسى ياكى ئىشخانىسى بولۇشى كېرەك.

- «53/2022-نومۇرلۇق پەرمان»: بۇ بولسا LCS ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولغان ئىجرا قىلىش پەرمانى. بۇ پەرمان سانلىق مەلۇماتلارنى يەرلىكتە ساقلاش تەلىپىگە قارىتا «قوزغىتىش» بەلگىلىمىسىنى بېكىتىدۇ؛ ئەگەر چەتئەل شىركەتلىرى ۋيېتنام ھۆكۈمىتىنىڭ مەزمۇننى ئۆچۈرۈۋېتىش ۋە ئابونتلارنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىنى ھەمبەھىرلەش تەلىپىگە بويسۇنمىسا، ھۆكۈمەت شىركەتنى سانلىق مەلۇماتنى يەرلىكلەشتۈرۈشكە ۋە يەرلىكتە تارمىقى-شۆبىسىنى ئېچىشقا بۇيرۇق بېرەلەيدۇ، شىركەتلەر بۇ بۇيرۇقنى چوقۇم 12 ئاي ئىچىدە تاماملىشى كېرەك[123]. دۆلەت ئىچىدىكى شىركەتلەرنىڭ بولسا بەزى تىپتىكى سانلىق مەلۇماتلار (ئاساسلىقى ۋيېتنام پۇقرالىرىنىڭ شەخسىي سانلىق مەلۇماتلىرى) ئۈچۈن سانلىق مەلۇماتلارنى يەرلىكتە ساقلاشنى يولغا قويۇش ھەققىدە تېخىمۇ جىددىي مەجبۇرىيىتى بار. 53-نومۇرلۇق پەرمان يەنە مەمۇرىي ئورگانلارغا قانۇنسىز مەزمۇنلارغا قارىتا قانۇن ئىجرا قىلىش ھەرىكىتىنى قوزغىتىشقا ھوقۇق بېرىدۇ، مەسىلەن ئۆچۈرۈۋېتىش ئۇقتۇرۇشى چۈشۈرۈش، سىستېمىنى تاقاش ياكى تور نامىنى توختىتىشنى تەلەپ قىلىش ياكى ئۇچۇرلارنى ئاشكارىلاش ۋە تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلىش دېگەندەك[124]. ئۇ يەنە جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقىنىڭ بىر قاتار ئەپلەر ۋە تور بېكەتلەرنى توختىتىشى ياكى چەكلىشىگە رۇخسەت بېرىدۇ.
- ۋيېتنام باشقا تەدبىرلەرنىمۇ يولغا قويۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى. مەسىلەن، ئۇ «تېلېگراف قانۇنى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈۋاتقان بولۇپ، خەۋەرلەردە ئېيتىلىشىچە، بىر تۈزىتىش ئىجتىمائىي ئالاقە تورى ئابونتلىرىغا ئۇلارنىڭ كىملىكىنى دەلىللىشنى تەلەپ قىلىدىكەن[125]. 2022-يىلى، «*رېيتېر ئاگېنتلىقى*» نىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ۋيېتنام يەنە ئىجتىمائىي تاراتقۇ شىركەتلىرىدىن 24 سائەت ئىچىدە قانۇنسىز مەزمۇنلارنى ئۆچۈرۈش ۋە 3 سائەت ئىچىدە قانۇنسىز نەق مەيدان تارقىتىشنى چەكلەشنى تەلەپ قىلىدىغان قانۇن تۈزۈۋاتقان ئىكەن[126]. بەزى مەنبەلەردە ئېيتىلىشىچە مۇنداق تەلەپ ئاللىبۇرۇن چۈشۈرۈلگەن بولۇپ،[127] ئەمما ئۇ «72-نومۇرلۇق پەرمان»نىڭ ئورنىنى ئالىدىغان پەرمان لايىھىسىگە كىرگۈزۈلگەن بولۇشى مۇمكىنكەن[128].

ۋيېتنام قانۇنى دائىرىلەرگە مەزمۇنلارنى ئۆچۈرۈش، مۇلازىمەتكە چەكلىمە قويۇش ياكى شەخسىي سانلىق مەلۇماتلارنى زىيارەت قىلىشقا ھوقۇق بېرىدۇ، ھالبۇكى بۇ قىلمىشلار كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمى تەلەپ قىلغان قوغداش چارىلىرى بىلەن تەمىنلىمەيدۇ . مەسىلەن، ئۆچۈرۈش ئۇقتۇرۇشلىرى سوت ياكى مۇستەقىل ئورگان تەرىپىدىن تارقىتىلمايدۇ، ھەمدە بەزى ۋاستىچى ئورۇنلارنىڭ قانۇنسىز مەزمۇنلارنى ئاكتىپلىق بىلەن تەكشۈرۈشى كېرەك .سانلىق مەلۇماتنى يەرلىكلەشتۈرۈش ۋە ئابونېتنىڭ كىملىك دەلىللەش تەلىپىمۇ شەخسىي مەخپىيەتلىكنى ئەندىشىگە سالىدۇ، بولۇپمۇ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ بىلەن بۇ سانلىق مەلۇماتلارنى زىيارەت قىلىشقا ھوقۇقى كېڭەيگەن ئەھۋالدا .قانۇنلاردىكى مۈجمەللىك گەرچە كىشىلىك ھوقۇق نۇقتىسىدىن ئېغىر بىر مەسىلە بولسىمۇ، ئەمما بەزىدە شىركەتلەرنىڭ قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا قارشى تۇرالىشىغا يول ئېچىپ قويىدۇ (كېيىنكى بۆلەكتە كۆرسىتىلگەندەك)، ئەمما ئۆز ۋاقتىدا يەنە شىركەتلەرگە يۈكلەنگەن كونكرېت قانۇنىي مەجبۇرىيەتلەردىمۇ گاڭگىراش پەيدا قىلىدۇ.

---

[123] PwC, Decree 53 Guiding Cybersecurity Law, PwC Vietnam Legal NewsBrief, 8 September 2022.
[124] KPMG, Legal Alert, September 2022. An English translation of this Decree could not be located.
[125] Reuters, Vietnam to Require Social Media Users to Verify Identity, 9 May 2023; BBC, Vietnam to Crack Down on Anonymous Social Media Accounts, 9 May 2023.
[126] Reuters, Vietnam to Require 24-Hour Take-Down for ‘False’ Social Media Content, 4 November 2022.
[127] BBC, Vietnam to Crack Down.
[128] Baker McKenzie, Vietnam: Updated Amendments that Affect Internet Services, Client Alert, August 2021.

## تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ ئىنكاسلىرى

ۋيېتنام ھۆكۈمىتىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان بېسىمىغا دۇچ كەلگەن چەتئەل پەن-تېخنىكا شىركەتلىرى ھۆكۈمەت مەزمۇننى ئۆچۈرۈش تەلىپىگە ئاساسەن ئەمەل قىلىۋاتقاندەك قىلىدۇ. Google ۋە Facebook نىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۆچۈرۈش تەلەپلىرى توغرىسىدىكى سانلىق مەلۇماتلارنى دوكلات قىلىدى (Google ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇلار YouTube بىلەن مۇناسىۋەتلىك)، ھەمدە ھەر ئىككىلىسىدە 2017-يىلىدىن بېرى تەلەپلەر سانىنىڭ شىددەت بىلەن ئېشىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .ۋيېتنام ھۆكۈمىتى كۆپ قېتىم Google ۋە Facebook قوبۇل قىلغان تەلەپلەر ئورانىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، مەسىلەن 2020-يىلى ئايرىم-ئايرىم ھالدا %95 ۋە %90 ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى[129]. Google نىڭ ئۆزىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرى بۇنى ئىسپاتلىغاندەك قىلىدۇ، كۆپىنچە تەلەپلەرنىڭ «ھۆكۈمەتنى تەنقىدلەش» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى بىلىنمەكتە، Google نىڭ ئۆزىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرى بۇنى ئىسپاتلىغاندەك قىلىدۇ، كۆپىنچە تەلەپلەرنىڭ «ھۆكۈمەتنى تەنقىدلەش» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى بىلىنمەكتە[130] . تۆۋەندىكى ئەھۋال تەتقىقاتىدا سۆزلەنگەندەك، Facebookنىڭ ئەھۋالىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ .

---

*«خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى» نىڭ بىلدۈرۈشىچە، مۇشۇنداق كۆپ ئۆچۈرۈش تەلەپلىرىنى ئورۇنداش ئارقىلىق، Facebook ۋە Google «ۋيېتنام دائىرىلىرىنىڭ توردا پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكىنى سىستېمىلىق باستۇرۇشىدا كۈنسېرى گەۋدىلىك ۋە شېرىكلىك رولىنى ئويناۋاتىدۇ»، ئۇنىڭدىن باشقا ھەر ئىككى شىركەتنىڭ يەرلىك قانۇنغا ئاساسەن دىگۇدەك بويسۇنىدىغانلىقىنى، بۇ تەلەپلەرگە قارشى تۇرۇش ياكى بويسۇنماسلىقتا ئۇرۇنۇپ باقمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن[131].*

---

ۋيېتنام يەنە 2023-يىلى TikTok ئۈستىدىكى تەكشۈرۈشنى تاماملاپ، ئۇنىڭ يەرلىك قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلغانلىقىنى، جۈملىدىن مەزمۇننى چەكلەشتە مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. TikTok نىڭ كۆرسىتىشىچە، ئۇلار ۋيېتنام بازىرىغا كىرگەندە «سىياسىي بولماسلىق»نى ساقلاشقا تىرىشقان، ئەمما سۇپىدا سىياسىي مەزمۇنلارنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىشىدىن كېيىن ھۆكۈمەتنىڭ كۈچلۈك بېسىمىغا دۇچ كەلگەن[132] . تەكشۈرۈشتە TikTok نىڭ قانۇنىي تەلەپلەرنى ئورۇندىيالمىغانلىقى يەكۈنلەنگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت مەنبەلىرى TikTok نىڭ بالىلارنى قوغداش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىش ۋە «ھۆكۈمەت بىلەن بولغان ئالاقە تىرىشچانلىقىنى ماسلاشتۇرۇش» قا قوشۇلغانلىقىنى، ئەمما ۋيېتنام قانۇنىي گەۋدىلىرىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن مەزمۇننىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىغا قوشۇلمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى، سەۋەبى

---

[129] Freedom House, Freedom on the Net 2021: Vietnam. See also a government claim that three platforms had response rates of over 90% to government removal requests in 2023: Tuoi Tre News, TikTok Signs Document to Admit Wrongdoing in Vietnam, 1 July 2023.

[130] Google, Transparency Report, Government Requests to Remove Content, indicates that it complied with most of the 848 requests to block 31,626 items of content which it received from January 2021 to December 2022).

[131] Amnesty International, *Vietnam: Let Us Breathe! Censorship and Criminalization of Online Expression in Viet Nam*, 30 November 2020.

[132] L. Le, Vietnam Pressures TikTok to Censor More Content or Face a Ban, *Rest of World*, 24 May 2023; F. Potkin, TikTok Booms in Southeast Asia as It Picks Path through Political Minefields, Reuters, 28 August 2020.

بولسا ۋيېتنامنىڭ بۇ نۇقتىدا قانۇن بەلگىلىمىلىرىنىڭ كەملىكلىكىدىن ئىبارەت[133]. ئەگەر بۇ توغرا بولسا، TikTok بەلكىم يېڭى تەلەپلەر توغرىسىدا مەلۇم دەرىجىدە سۆھبەتلىشىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئومۇمىي جەھەتتىن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ مەزمۇن تەكشۈرۈشتە «باشقا ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرىغا قارىغاندا ئاللىقاچان تېخىمۇ يەرلىكلەشتۈرۈلگەن» لىكىنى نەزەردە تۇتقاندا، TikTok بەلگىلىمىگە بويسۇنۇشى مۇمكىن[134]. TikTok ئۆزى باياناتىدا «يەرلىك قانۇن-نىزاملارغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى» ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار بىلەن داۋاملىق ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن[135].

TikTok يەرلىك ئىشخانا قۇرغانلىقى ئۈچۈن ھۆكۈمەتنىڭ تەلىپىنىڭ تەسىرىگە ئالاھىدە ئاسان ئۇچرايدۇ - بۇ بولسا غەربنىڭ ئاساسلىق ئىجتىمائىي ئالاقە شىركەتلىرى ھازىرغا قەدەر قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان بىر تۈزۈم بولۇپ، بۇنىڭ بىر قىسىم سەۋەبى بولسا ھۆكۈمەتنىڭ يەرلىك خىزمەتچىلەرنى قولغا ئېلىشى ياكى قورقۇتۇشىنىڭ مۇمكىنچىلىكىدىن بولغان[136]. ھالبۇكى، Netflix شىركىتى پات يېقىندا يەرلىك ئىشخانا ئاچماقچى، چۈنكى 2022-يىلىدىكى يېڭى بەلگىلىمە سىن قويۇش مۇلازىمىتىنىڭ يەرلىكتە ئىجازەتنامە ئېلىشى ۋە يەرلىكتە ئىشخانا ئېچىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئامازون Prime Video مەزكۇر دۆلەتتىن چېكىنگەن بولۇپ، بەلكىم بۇ تەلەپكە ئەمەل قىلىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بولۇشى مۇمكىن[137]. ئەگەر ۋيېتنام باشقا شىركەتلەرگە بولغان يەرلىك ئىشخانا تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە بەك ئاكتىپ بولسا - (بۇ «2022/53-نومۇرلۇق پەرمانى»دىن كېيىنكى ئېھتىماللىق)، ئۇ ئوخشاشلا بۇ شىركەتلەرنى ماسلىشىش ۋە چېكىنىش ئارىسىدىن بىرنى تاللاشقا مەجبۇر قىلىشى مۇمكىن.

تېخنىكا شىركەتلىرى يەنە ئېلان بەرگۈچىلەرنىڭ ۋاستىلىك بېسىمغا ئۇچرايدۇ. 2019-يىلى ئۇچۇر ۋە ئالاقە مىنىستىرلىكى يەرلىك ۋە چەتئەلنىڭ بولۇپ 100 ماركىغا خەت ئەۋەتىپ، ئۇلارنى YouTube دىكى دۆلەتكە قارشى مەزمۇنلارنىڭ يېنىدا ئېلان بېرىشنى توختىتىشقا ئاگاھلاندۇردى[138]. تېخى يېقىندا، ۋيېتنام ئېلان قائىدىسىنى چىڭىتىدىغان يېڭى بەلگىلىمە چىقارغان بولۇپ، «قانۇنسىز» مەزمۇنلارنى يوللىغان-قويمىغانلىقىغا ئاساسەن ئېلان كىرىمىنى ئالالايدىغان ۋە ئالالمايدىغان تور بېكەتلەرنىڭ ئاق تىزىملىك ۋە مەجبۇرىي تۈستىكى قارا تىزىملىكىنىڭ لايىھەسىنى تۈزدى[139]. ئېلان بەرگۈچىلەر بۇ تەدبىرلەرگە قارىتا ئىنكاس بىلدۈرۈپ ئېلانلارنى چۈشۈرۈۋېتىشتى، بۇ تېخنىكا شىركەتلىرى ئۈچۈن ھۆكۈمەتنىڭ نەزىرىدىكى ئەكسىيەتچىل مەزمۇنلارنى ئۆچۈرۈشكە قوشۇمچە سودا رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن تەمىنلىدى. Google ۋە Facebook ھېچ بولمىغاندا ئېلانغا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم تەلەپلەرنى ئورۇنداشقا قوشۇلدى، گەرچە بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي ئۇچۇرلار تېخى ئاشكارا بولمىسىمۇ[140].

ئەڭ ئاخىرىدا، يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، «47-قىسىم» قاتارلىق دۆلەت ئاكتىيورلىرى ۋە پۇقراۋىي ئاكتىيورلار مەزمۇن تەكشۈرۈش(سېنزورلاش) سىستېمىسى»نى ئاللىبۇرۇن خالىغانچە ئىشلىتىپ، قانۇنلۇق مەزمۇنلارنى سۇپا قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلدى دەپ دوكلات قىلىپ، ئابونتلارنىڭ ھېساباتىنى ۋاقتىنچە توختىتىۋەتمەكچى ياكى مەزمۇنىنى ئۆچۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ[141]. ئومۇمەن

---

133 VietnamNet Global, Vietnam Urges TikTok to Rectify Its Violations in Vietnam, 8 December 2023 (citing the deputy director of the Authority of Broadcasting, Television and Electronic Information).

134 Le, Vietnam Pressures TikTok.

135 N. Quynh, Vietnam Says TikTok's Content Censorship Isn't Effective: Media, BNN Bloomberg, 5 October 2023.

136 F. Potkin and P. Nguyen, Exclusive: Netflix Making Preparations to Open Vietnam Office, Reuters, 24 February 2023; Le, Vietnam Pressures TikTok.

137 Potkin and Nguyen, Netflix Making Preparations; L. Quy, Amazon Prime Video to Leave Vietnam, *VN Express*, 16 October 2023.

138 J. Reed, Vietnam Tells Companies Not to Advertise on YouTube Videos, *Financial Times*, 12 June 2019; AFP, Vietnam Warns YouTube Advertisers over Anti-State Channels, *France 24,* 25 June 2019.

139 Y. Seck, Vietnam: White List for Online Advertising Services Released, Baker McKenzie, 23 March 2023; L. Hoang, Vietnam to Block Ads on 'Toxic' Online Content in Further Crackdown, Nikkei Asia, 9 December 2022.

140 Freedom House, Freedom on the Net 2023 (citing Vietnamese sources).

141 D. Keeton-Olsen, The Vietnamese Military Has a Troll Army and Facebook Is Its Weapon, *Rest of World*, 8 May 2023.

قىلىپ ئېيتقاندا، تېخنىكا شىركەتلىرى بۇنىڭغا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشتا قىينىلىۋاتقاندەك قىلىدۇ. كېيىنكى مىسال تەتقىقاتىدا Meta نىڭ ئىنكاسى مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.

**مىسال تەتقىقاتى: ۋيېتنامدىكى Facebook**

ۋيېتنامدا، Meta تەكشۈرۈش(سېنزورلاش) نى كۈنسىرى قولايلاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ سۇپىدىكى قارشى پىكىردىكىلەرنى جىمىقتۇرۇش تەلىپىگە بوي سۇنماقتا. Meta نىڭ ئاشكارىلىق سانلىق مەلۇماتلىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2020-يىلى 1-ئايدىن 2022-يىلى 6-ئايغىچە بولغان 30 ئاي ئىچىدە، ئۇ ۋيېتنام ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن يازما، بەت، گۇرۇپپا ۋە ئارخىپ بولۇپ 6039 پارچە مەزمۇننى ئۆچۈرۈۋەتكەن[142]. گەرچە Meta ۋيېتنامدىن مەزمۇنلارنى ئۆچۈرۈۋېتىش ھەققىدە نۇرغۇنلىغان تەلەپلەرنى تاپشۇرۇۋالغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ رايوندىكى باشقا دۆلەتلەرگە قارىغاندا يەنىلا خېلى ئاز، بۇ بەلكىم ۋيېتنامنىڭ ھۆكۈمەتنى تەنقىد قىلغان گۇرۇپپىلار ياكى شەخسلەرگە قارىتا، ئاكتىپ ئاممىنى سەپەرۋەرلىك قىلىپ، Meta نىڭ ئۆزىنىڭ دوكلات قىلىش ئىقتىدارىنى ئىشلىتىپ، ھۆكۈمەتنى تەنقىدلىگەن تەشكىلات ياكى شەخسلەرگە تاقابىل تۇرغانلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن[143]. بۇ پائالىيەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئۆچۈرۈشلەر Meta نىڭ ئاشكارىلىق دوكلاتىغا كىرگۈزۈلمەيدۇ[144].

Meta نىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئۇنىڭ ئاشكارىلىق سانلىق مەلۇماتلىرىدا كۆرسىتىلگەن ئۆچۈرۈلگەن مەزمۇنلار چەكلىمىگە ئۇچرىغان، چۈنكى ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ «2013/72-نومۇرلۇق پەرمانى»غا ئاساسەن ئۇلارنىڭ تۆھمەت قىلىش ۋە ھاقارەتلەش قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلىقىنى، COVID-19 ھەققىدە خاتا ئۇچۇر تارقاتقانلىقىنى ھەمدە ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى .شۇڭلاشقا، Meta نىڭ ئۆزىمۇ خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى بىلەن ئېنىقلا ماس كەلمەيدىغان مەزمۇنلارنى ئۆچۈرۈۋېتىش تەلەپلىرىگە ئەمەل قىلىۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. مەزكۇر چۈشەندۈرۈش ئۆچۈرۈۋېتىش تەلەپلىرىنىڭ خاراكتېرى ھەققىدىكى ھېچقانداق قوشۇمچە تەپسىلاتلار بولماستىن، پەقەت خۇلاسە ئاساسىدىكى بىر چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

غەيرىي رەسمىي ھالدا قىلىپ ئېيتقاندا، Meta يەنە پىكىر ئەركىنلىكىگە خىلاپلىق قىلىدىغان قىلمىشلارغا ياردەملىشىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. 2023-يىلىدىكى *«ۋاشىنگتون پوچتىسى»* گېزىتىنىڭ ماقالىسىدە ئىسمىنى يوشۇرغان سابىق 2 خىزمەتچىلەردىن نەقىل ئالغان بولۇپ، ئۇلار Facebook سۇپىسىدا تەنقىدلەشكە بولمايدىغان ۋيېتنام كومپارتىيىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ بىر شەخسىي تىزىملىكىنىڭ بارلىقىنى قەيت قىلىشقان. Meta بۇ *«ۋاشىنگتون پوچتىسى»* گېزىتىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمىدى، پەقەت ئۇلارنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنىڭ ۋيېتناملىقلارنىڭ بۇ سۇپىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنى ئىپادىلىيەلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى[145].

ۋيېتنام بولسا Meta ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بىر دۆلەت؛ 2016-يىلىدىن بېرى، ۋيېتنام Facebook نىڭ ئەڭ چوڭ ئېشىۋاتقان بازىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان بولۇپ، ئۇ يەرشارى مىقياسىدىكى يەتتىنچى كۆپ ئابونت سانىغا ئىگە ھەمدە يىللىق كەلتۈرگەن كىرىمى بىر مىليارد دوللارغا يېقىنلىشىدۇ[146]. شۇڭلاشقا، ھۆكۈمەتنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشتا Meta نىڭ كۆرۈنەرلىك بولغان تىجارىي مەنپەئەت ھەرىكەتلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە.

ھالبۇكى، ۋيېتنام ھۆكۈمىتى يەنە Facebook نى مەخسۇس نىشانلىدى. 2020-يىلى مۇلازىمېتىرلىرىنى توردىن ئۈزۈۋېتىش ئارقىلىق، ۋيېتنام Facebook مۇلازىمېتىرىنىڭ 7 ھەپتە ئەتراپىدا ئاستىلاپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، دۆلەت تاراتقۇلىرى بولسا بۇ مەسىلىنى دېڭىز ئاستىدىكى نۇركابېلىنى ئاسراشدىن كېلىپ چىققان دەپ خەۋەر قىلىشتى .«*رېيتېر ئاگېنتلىقى*»نىڭ ئېچكى شىركەت مەنبەلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ خەۋەر قىلىشىچە، بۇ مۇلازىمېتىرلار Facebook نىڭ دۆلەتكە قارشى مەزمۇنلارنى تېخىمۇ

---

142 Meta Transparency Center, Content Restrictions Based on Local Law.
143 Keeton-Olsen, The Vietnamese Military Has a Troll Army.
144 Biddle, Facebook Lets Vietnam's Cyberarmy Target Dissidents.
145 R. Tan, Facebook Helped Bring Free Speech to Vietnam: Now it's Helping Stifle It, *Washington Post*, 19 June 2023.
146 S. Strangio, Could Vietnam Really Shut Down Facebook? *The Diplomat*, 23 November 2020.

كۆپ تەكشۈرۈش(سېنزورلاش)كە ۋەدە بەرگەندىن كېيىن ئاندىن ئەسلىگە كەلگەن[147]. ۋيېتنام ھۆكۈمىتىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ ۋەقەدىن كېيىن، Facebook نىڭ ۋيېتنام ھۆكۈمىتىنىڭ تەكشۈرۈش(سېنزورلاش) تەلەپىنى قاندۇرۇشتىكى پوزىتسىيىسى نىسپىي «ئېھتىيات قىلىش»تىن «ئاساسەن ئەمەل قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش»قا ئۆزگەرگەن[148].

Facebook نىڭ ئېتىراپ قىلىشىچە، بۇ پائالىيەتتىن كېيىن ئۇلار «دۆلەتكە قارشى تۇرىدىغان» يازمىلارنى تەكشۈرۈش(سېنزورلاش)نى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرۇشقا قوشۇلغان، ھەمدە «بىز بۇ ھەرىكەتنى مۇلازىمەتلىرىمىزنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى ۋە ۋيېتنامدىكى مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ ئىشلىتەلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن قوللاندۇق» دەپ ئىپادە بىلدۈرگەن [149]. «خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى»نىڭ بىلدۈرۈشىچە: گەرچە بۇ خىل پىكىر ئەركىنلىكى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىدا قوغدىلىدىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ بەلكىم Facebook نىڭ ھۆكۈمەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن سىياسىي پىكىرلەرنىڭ تەكشۈرۈلۈشى(سېنزورلىنىشى)گە ماسلىشىشنى كۈچەيتىش تۈزۈمىنى تۇنجى قېتىم رەسمىي ئېتىراپ قىلىشى مۇمكىن ئىكەن[150]. Facebook نىڭ «خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى» غا يازغان بىر خېتىدە، ئۆزلىرىنىڭ «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق پىرىنسىپى»(UNGP) غا ئەمەل قىلىۋاتقانلىقلىرىنى ۋە قانۇنىي مەجبۇرىيەتلەر ۋە خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق پرىنسىپلىرى توقۇنۇشۇپ قالغان ئەھۋاللارغا قارىتا «23-پرىنسىپ»قا ئەمەل قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى. Facebook يەنە ئەترەتلىرىنىڭ پەقەت قانۇنسىز دەپ ئەيىبلەنگەندىلا ئاندىن بىر مەزمۇننى چەكلەيدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تەكشۈرۈپ چىقىش قارارىنىڭ سۈپىدىكى پىكىرلەرنىڭ زىيارەت قىلىنىشىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ئويلىشىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى[151].

شۇڭلاشقا Facebook بەزىدە ۋيېتنام بازىرىدا قېلىشى كېرەكلىكىنى ۋە بەزىدە بولسا «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق پىرىنسىپى»(UNGP) غا ئەمەل قىلىشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ .ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇلارنىڭ مەزمۇن باشقۇرۇتا ۋيېتنامنىڭ قانۇنىغا قانچىلىك دەرىجىدە ئەمەل قىلىدىغانلىقى ياكى كىشىلىك ھوقۇقنى قانچىلىك دەرىجىدە ئويلىشىدىغانلىقى ھەققىدە تەمىنلىگەن ئۇچۇرى بەك چەكلىك .ئۇلار يەنە ۋيېتنامنىڭ كونكېرت ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، كىشىلىك ھوقۇققا «ئەڭ زور دەرىجىدە» ھۆرمەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرەلمىدى.

ئۆزى مەلۇم قىلىش ئىقتىدارىنى قالايمىقان ئىشلىتىۋاتقان ئابونتلارنى تونۇش جەھەتتە، Facebook مەنبەلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، 2021-يىلى ئۇلار «E47» ناملىق شەخسىي Facebook گۇرۇپپىسىنى ئۆچۈرۈۋەتكەن بولۇپ، بۇ گۇرۇپپىنىڭ ئەزالىرى پائالىيەتچىلەرنى دوكلات(پاش) قىلىشنى پۈتۈشۈۋاتقان ئىكەن[152]. ھالبۇكى، ئۆز سۈپىسىدىكى ۋيېتناملىق پائالىيەتچىلەرنى قاراتمىلىق نىشان قىلىۋاتقان ماسلاشقان ساختا ھەرىكەت ۋە كەڭ كۆلەملىك دوكلات(پاش) قىلىشتىن ئىبارەت مەزكۇر كەڭ كۆلەملىك مەسىلىگە قارشى كۈچلۈك بىر تەدبىر قوللانمىغاندەك قىلىدۇ[153]. دۈچ كېلىۋاتقان بىر خىرىس شۇكى، بۇ قىلمىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يەككە ئابونتلار ھەردائىم ئۆزىنىڭ كىملىكىنى يوشۇرمايدۇ، شۇڭا ئۇلار Facebook نىڭ ساختا ھېساباتقا مۇناسىۋەتلىك تۈزۈمىگە خىلاپلىق قىلمىغان بولۇشى مۇمكىن[154].

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ۋيېتنام پائالىيەتچىلىرى ئادالەتسىز توڭلىتىلغان ھېساباتلار ھەققىدە Facebook بىلەن ئالاقىلىشىشتە قىيىنچىلىق بارلىقىنى دوكلات قىلدى .ئابونتلارنىڭ چوڭ كۆلەملىك پائالىيەتلەردىن كېلىپ چىققان مەھەللە(توپ، گۇرۇپپا،

---

[147] J. Pearson, Exclusive: Facebook Agreed to Censor Posts after Vietnam Slowed Traffic – Sources, Reuters, 21 April 2020.
[148] D. Luong, Meta Cozies Up to Vietnam, Censorship Demands and All, Coda, 28 September 2023.
[149] Pearson, Facebook Agreed to Censor Posts.
[150] Amnesty International, *Let Us Breathe!*, p. 30.
[151] Amnesty International, *Let Us Breathe!*, p. 30.
[152] J. Pearson, Facebook Says It Removes Accounts Which Targeted Vietnamese Activists, Reuters, 1 December 2021.
[153] Viet Tan, Open Letter Calling on Facebook to 'Unfriend' Harmful Social Networks in Vietnam, 1 February 2023.
[154] Biddle, Facebook Lets Vietnam's Cyberarmy Target Dissidents.

ئىنگلىزچە «community» دېيىلىدۇ) ئۆلچەملىرىگە خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسىدىكى تالاش-تارتىشلارغا ياردەم بېرىدىغان ۋيېتناملىق پائالىيەتچىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ خىل قارارلارنى Facebook قا ئەرز قىلىش «ئىنتايىن ئاستا ۋە مۈشكۈل بولغان بىر جەريان» ئىكەن. ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا ئامېرىكىدىكى Meta كىشىلىك ھوقۇق دېرىكتورى بىلەن ئالاقىلاشقان، مەزكۇر دېرىكتورنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئۇنىڭ بىر قىسىم يازمىلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئارىلىشالايدىكەن، ئەمما ئۇ Facebook نىڭ بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ سىستېمىلىق ھەل قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلمىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى ۋە مۇنداق دېدى: «بىز ھامان بىر كۈنى Facebook گۇرۇپپىسى بىلەن بىۋاستە سۆھبەتلىشەلىشىمىزنى ئۈمىد قىلىمىز»[155]. 2018-يىلى Facebook بىلەن كۆرۈشۈشكە تەكلىپ قىلىنغان يەنە بىر ئايال پائالىيەتچىنىڭ ئېيتىشىچە، پائالىيەتچىلەرنىڭ ھېساباتلىرى توڭلىتىلغان ۋاقىتتا، ئۇ Meta نىڭ كىشىلىك ھوقۇق گۇرۇپپىسى بىلەن ئىزچىل ئالاقىلىشىپ تۇرغان، ھەمدە ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغان، ئەمما ئىنكاسلار «بارا-بارا ئاستىلىغاندىن كېيىن پۈتۈنلەي توختىغان»، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئايال ئاساسەن قايتا ئۇرۇنۇپ باقمىغان[156].

### مىسال تەتقىقاتى: ۋيېتنامدىكى سانلىق مەلۇماتلارنى يەرلىكلەشتۈرۈش

تېخنىكا ساھەسىدىكىلەر ۋيېتنامدىكى سانلىق مەلۇماتلارنىڭ يەرلىكلەشتۈرۈلۈشىگە قارشى ئاكتىپلىق بىلەن لوبىيچىلىق قىلدى. 2018-يىلى 12-ئايدا، «تور بىخەتەرلىكى قانۇنى» يولغا قويۇلۇشتىن بۇرۇن، «تېخنىكا ساھەسى جەمئىيىتى ئاسىيا ئىنتېرنېت بىرلەشمىسى» ۋيېتنام ھۆكۈمىتىگە خەت ئەۋەتىپ، سانلىق مەلۇماتنى يەرلىكلەشتۈرۈش تەلىپى ۋە ئۇنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنىنى تەنقىد قىلدى.[157] بۇ خەت بىر ئىجرا قىلىش پەرمانىنىڭ دەسلەپكى لايىھەسىدىن كېيىن ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بۇ پەرمان ئاخىرىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «53/2022/ ND-CP-نومۇرلۇق پەرمان»غا ئالماشتۇرۇلدى[158]. گەرچە بۇ لوبىچىلىق سانلىق مەلۇماتنى يەرلىكلەشتۈرۈش تەلىپىنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرالمىغان بولسىمۇ، ئەمما «53-نومۇرلۇق پەرمان» ئىلگىرىكى پەرمان لايىھەسىگە سېلىشتۇرغاندا تەلەپنى بوشاتتى. چەتئەل شىركەتلىرىگە نىسبەتەن، پەقەت تەلەپكە ئاساسەن سانلىق مەلۇمات يەرلىكتە ساقلىنىدۇ ھەمدە شىركەتنىڭ باشقا ھۆكۈمەت تەلەپلىرىنى رەت قىلىش شەرتى ئاستىدا بولىدۇ.

«53-نومۇرلۇق پەرمان يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، تېخنىكا ساھەسىدىكىلەر بۇ تەلەپكە قارشى داۋاملىق لوبىيچىلىق قىلدى. «ئاسىيا ئىنتېرنېت بىرلەشمىسى» بىلەن «ئامېرىكا سودا ئۇيۇشمىسى» ۋە «ۋيېتنام ئامېرىكا سودا ئۇيۇشمىسى» بىرلىكتە 2022-يىلى 9-ئايدا ھۆكۈمەتكە يەنە بىر پارچە خەت ئەۋەتىپ، پەرماندىكى سانلىق مەلۇماتنى يەرلىكلەشتۈرۈش تەلىپىنى قوزغىتىش جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قانچە مۇجمەل ماددىلارغا ئېنىقلىما بېرىشنى ھەمدە تەلەپ دائىرىسىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈشنى تەلەپ قىلغان[159]. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىز ۋيېتنامنىڭ «53-نومۇرلۇق پەرمان»غا ئاساسەن مەلۇم چەتئەل پەن-تېخنىكا شىركىتىدىن سانلىق مەلۇماتنى يەرلىكلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان ئەھۋالدىن خەۋەر تاپمىدۇق. ھالبۇكى، Amazon ھېچ بولمىغاندا بىر «يەرلىك رايون» مۇلازىمېتىرىنى پىلانلاۋاتقان بولۇپ، بۇ مۇلازىمېتىر ئۇلارنىڭ «پەقەت كىچىككىنە بىر قىسىم» كەسپىگە ساھىبخانلىق قىلىدۇ، ئۇلار يەرلىكلەشتۈرۈش تەلىپىنى بۇ پىلاننىڭ بىر ئاملى سۈپىتىدە كۆرسىتىدۇ[160].

---

[155] Keeton-Olsen, The Vietnamese Military Has a Troll Army.

[156] Tan, Facebook Helped Bring Free Speech to Vietnam: Now it's Helping Stifle It.

[157] J. Reed, Google and Facebook Push Back on Vietnam's Sweeping Cyber Law, *Financial Times*, 13 December 2018.

[158] M. Nguyen, Exclusive: Vietnam Cyber Law Set for Tough Enforcement Despite Google, Facebook Pleas, Reuters, 10 October 2018.

[159] US Chamber of Commerce, American Chamber of Commerce Vietnam, and Asia Internet Coalition (2022), Letter Re: Decree No. 53/2022/ND-CP detailing the implementation of a number of articles of the Law on Cybersecurity (LOCS), 9 September 2022.

[160] L. Hoang, Amazon Woos Cloud Clients as Vietnam Floats Onshore Data Rules, Nikkei Asia, 11 July 2022.

*بۇ مىسال تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ ماسلاشتۇرۇلغان لوبىيچىلىقىنىڭ ھېچ بولمىغاندا كىشىلىك ھوقۇققا سەلبىي ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغان قانۇنىي تەلەپلەرنى كېچىكتۈرۈش ياكى ئازايتىش جەھەتتە مەلۇم تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. سانلىق مەلۇماتنى يەرلىكلەشتۈرۈشنىڭ ئىقتىسادىي تەننەرخىگە ئەھمىيەت بېرىش بەلكىم ئالاھىدە بىر تەسىر قوزغىغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى بۇ تەننەرخلەر ماھىيەتتە ئىنتايىن زور بولۇشى مۇمكىن: بىر دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، سانلىق مەلۇماتلارنىڭ يەرلىكلەشتۈرۈلۈشى ۋيېتنامنىڭ GDP سىنىڭ 1.7% تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن [161].*

يەنە بىر تەرەپتىن، ۋيېتنام يەنىلا «53-نومۇرلۇق پەرمان»دىكى سانلىق مەلۇماتنى يەرلىكلەشتۈرۈش تەلىپىگە ئەمەل قىلىشنى بۇيرۇق قىلىشى مۇمكىن، بۇ تەھدىت بەلكىم مەزمۇننى تەكشۈرۈش(سېنزورلاش) قاتارلىق باشقا ساھەلەرنىڭ مەجبۇرىي ئىجرا قىلىنىشىغا قۇلايلىق قورالغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ رەقەملىرىگە ئاساسلانغاندا، ۋيېتنام ھۆكۈمىتى ئابونتلارنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرى ئۈچۈن يۇقىرى مىقداردىكى رەسمىي تەلەپلەرنى قويمايدۇ. Facebook نىڭ دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2015-يىلىدىن 2022-يىلىغىچە، ھۆكۈمەت 61 قېتىم تەلەپ قويغان. Facebook بۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت 18 تەلەپ ئۈچۈن بىر قىسىم سانلىق مەلۇمات بىلەن تەمىنلىگەن[162]. Google نىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2014-يىلىدىن 2021-يىلىغىچە، Google ھۆكۈمەتتىن 6 قېتىم سانلىق مەلۇمات تەلىپى تاپشۇرۇۋالغان. Apple شىركىتى شىركىتى 2020-ۋە 2021-يىللىرى ئابونتلارنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىغا قارىتا 4 قېتىم تەلەپ تاپشۇرۇۋالغان[163].

گەرچە بۇ رەقەم سەل ئاز بولسىمۇ، ۋيېتنامدا ئىجتىمائىي تاراتقۇ ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ نامسىز يوللىغان يازمىلىرى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغانلىقىغا ئائىت مىساللار بار، دائىرىلەرنىڭ نامسىز ھېساباتنى ئەمەلىي ئابونتلار بىلەن قانداق باغلىيالىغانلىقى ئېنىق ئەمەس [164]. ۋيېتنام ئۆزىنىڭ بىر قەدەر مۇرەككەپ بولغان توردا ۋە تورسىز نازارەت قىلىشى بىلەن داڭلىق، شۇنداقلا ئۇنىڭ قولىدا بۇ خىل ھېساباتلارنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن يېتەرلىك بولغان باشقا قوراللار بولۇشى، شۇڭلاشقا سۇپىلارغا رەسمىي تەلەپ قويمىغان بولۇشى مۇمكىن .ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇ تېمىنىڭ ئاشكارىلىقى چەكلىك بولغاچقا، ۋيېتنامنىڭ قانداق نازارەت قىلىۋاتقانلىقى ۋە شەخسىي سانلىق مەلۇماتلارنى قانداق زىيارەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىقلاش قىيىن. سانلىق مەلۇماتنى يەرلىكلەشتۈرۈش بۇنى ئاسانلاشتۇرالايدۇ .ئاساسلىق پەن-تېخنىكا شىركەتلىرى نۆۋەتتىكى يەرلىكلەشتۈرۈشنى بايقۇت قىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ تېخنىكا شىركىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى-تەرۇز قىلىدىغان دۆلەت ئىچىدىكى قانۇنلارغا قارشى تۇرۇشىنىڭ ئىجابىي مىسالى بولۇشى مۇمكىن.

---

161 Hinrich Foundation, CIEM, and AlphaBeta, *The Data Revolution: How Vietnam Can Capture the Digital Trade Opportunity at Home and Abroad*, 2023.
162 Apple, Vietnam. Transparency Report: Government Requests, 2021.
163 Apple, Vietnam. Transparency Report: Government Requests, 2021.
164 Radio Free Asia, Vietnam Arrests Facebook User for Posts Criticizing COVID-19 Policies, 6 October 2021.

# بيرما

### دۆلەت ئارقا كۆرۈنۈشى

2021-يىلى 2-ئايدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتە، بېرما ئارمىيىسى خەلق سايلىغان ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئون يىلغا يېقىن داۋاملاشقان ئاجىز دېموكراتىك ئىسلاھاتنى ئۆزگەرتىۋەتتى. 2012-يىلى نەشىردىن بۇرۇنقى تەكشۈرۈش(سېنزورلاش) تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاخبارات ۋە ئۇچۇر ۋەزىيىتىدە بىر مەزگىل بوشىشىش يۈز بەرگەن .ئەركىنلەشتۈرۈش تېلېگراف كەسپىنىڭ خۇسۇسىي ۋە چەتئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارغا ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، ICT مۇلازىمىتىنىڭ ئىشلىتىشىدىمۇ پارتلاش خاراكتېرلىك ئېشىش كۆرۈلگەن[165]. ھالبۇكى، دېموكراتىك ئىسلاھاتنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى ئىنتايىن ئاستا بولغان بولۇپ، پىكىر ئەركىنلىكىگە بولغان خىرىسلار داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان.

2021-يىلىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن، ھەربىي تەرەپ دېموكراتىيىلىشىشتىن ئىلگىرى ئېرىشكەن ئۇچۇر بوشلۇقىنى قاتتىق كونترول قىلىش ۋەزىيىتىگە قايتالمىدى. ئەكسىچە، ئۆكتىچى پىكىرلەرنى باستۇرۇش ئۇچۇن ئۇلار بىر قاتار زالىم تەدبىرلەرنى قوللاندى .پۇقرالار بوشلۇقى ئېغىر چەكلىمىگە ئۇچرىدى، ھەربىي تەرەپ ئۇلارغا قارشى ياكى ھەربىي ھاكىمىيەتكە قارشى تۇرغانلارنى تېزدىن جىنايى جاۋابكارلىققا تارتتى. 2023-يىلى ئۆكتەبىرگە قەدەر، «سىياسىي مەھبۇسلارغا ياردەم بېرىش جەمئىيىتى» ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن بۇيان، ھەربىي تەرەپ بىلەن ھوقۇق تالىشىشقا مۇناسىۋەتلىك 25 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى دەلىللىدى[166]. سوت مەھكىمىلىرى ھازىر ھەربىي تەرەپ قوللايدىغان ئەيىبلەشلەرنى تەستىقلاۋېرىدۇ. ھەربىي ھالەت بىر قانچە رايوندا كۈچكە ئىگە بولۇپ، بۇ پۇقرالارنىڭ ھەربىي سوتلاردا سوتلىنىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ، ھەمدە پۇقرالار يالغان خەۋەر تارقىتىش دېگەندەك پىكىر ئەركىنلىكى جىنايەتلىرى سەۋەبىدىن ئۆلۈم جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ[167]. ھەربىي تەرەپنىڭ ئۆكتىچىلەرنىڭ نامايىشلىرىنى زوراۋانلىق بىلەن باستۇرۇشىمۇ بېرمىدا كەڭ كۆلەملىك قوراللىق توقۇنۇشلارنىڭ چىقىشىنى تېزلەتتى، بۇ دۆلەت ھازىر جىددىي ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمىگە دۇچ كېلىۋاتقان بولۇپ، ھەربىي ھاكىمىيەتنىڭ ئىزچىل بولغان رەھىمسىز تاكتىكىسى بىلەن داۋام قىلىۋاتقان ئىچكى ئۇرۇشنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ.

توردا ئۆكتىچى پىكىردە بولغانلارنى قولغا ئېلىشنىڭ ئاساسلىق قورالى بولسا «جىنايى ئىشلار قانۇنى»نىڭ 505- ۋە 505-A-ماددىلىرى505 .-A-ماددا بولسا ھەربىي تەرەپ سىياسىي ئۆزگىرىشتىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا يولغا قويغان يېڭى بەلگىلىمە بولۇپ، ۋەھىمە پەيدا قىلغان، يالغان خەۋەر تارقاتقان ياكى ھۆكۈمەت خىزمەتچىسىگە قارشى جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە قۇتراتقان جىنايىي قىلمىشلارنى جىنايەت دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ، ھەمدە بۇ سىياسىي ئۆزگىرىشكە قارشى ھەرىكەتلەرگە قاتناشقان كىشىلەرگە، شۇنداقلا داڭلىق شەخسلەر، سەنئەتكارلار، ژۇرنالىستلار ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە تورىغا ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى يوللىغانلارغا كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلدى. .سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىنكى بىر يىلدا، 4000 غا يېقىن كىشىنىڭ 505 ۋە 505-A-ماددىلارغا ئاساسەن قولغا ئېلىنغانلىقى ۋە قولغا ئېلىنغانلىقى جەزملەشتۈرۈلدى، ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ سان تېخىمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن[168]. «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى» ۋە بېرمىنىڭ باشقا كونا جىنايى ئىشلار چەكلىمىلىرى بويىچە يەنە نۇرغۇن كىشىلەرمۇ قولغا ئېلىنغان.

ھازىر بېرمىدا ئىنتېرنېتنى ئېتىۋېتىش ۋە ئۈزۈۋېتىش دائىم يۈز بېرىدۇ. سىياسىي ئۆزگىرىشتىن ئىلگىرى، بېرما راخىن ۋە چىن شىتاتلىرىدا ئاللىقاچان دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزۇن داۋاملاشقان ئىنتېرنېتنى ئېتىۋېتىشنى يولغا قويغان بولۇپ، بۇ بىر مىليوندىن ئارتۇق كىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن[169]. سىياسىي ئۆزگىرىشدىن بېرى، بېرمىنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ ئىنتېرنېتنى ئېتىۋېتىش بارغانسىرى ئومۇملاشتى. «Access Now» نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، پەقەت 2021-يىلىدىلا بېرمىدا ئىنتېرنېت 15 قېتىم ئۈزۈلگەن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئەڭ ئۇزۇن ئىنتېرنېتنىڭ ئۈزۈۋېتىلىشى 2.5 ئايغا يېقىن داۋاملاشقان[170]. بۇ خىل ئىنتېرنېتنى ئۈزۈۋېتىش ھالەتلىرى

[165] International Crisis Group, *Myanmar's Military Struggles to Control the Virtual Battlefield*, 2021.

[166] Assistance Association for Political Prisoners, Daily Briefing in Relation to the Military Coup, 16 October 2023.

[167] International Commission of Jurists, Myanmar: A Year after Military Takeover, No Rule of Law or Judicial Independence, 10 February 2022.

[168] Free Expression Myanmar, *New Report: 505A Act of Revenge*, 31 January 2022.

[169] Human Rights Watch, Myanmar: End World's Longest Internet Shutdown, 19 June 2020.

[170] Access Now, *The Return of Digital Authoritarianism: Internet Shutdowns in 2021*, 2022.

ئاپەت خاراكتېرلىك تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن، مەسىلەن: يوك شوپۇرلىرى بىخەتەر لىنىيەنى تاپالمىغاچقا، زوروۋر ئەشيالار يېزا-كەنتلەرگە ۋاقتىدا يەتكۈزۈلمىگەن[171]. ھەربىي تەرەپ يەنە تورنى ئېتىۋېتىشنى ئىستراتېگىيىلىك قوللىنىپ، كەنتلەرگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى ۋە ھۇجۇم جەريانىدا قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ، قەستلەپ ئۆلتۈرۈش، قىيناش، خورلاش، تۇتقۇن قىلىش ۋە ئوت قويۇش قاتارلىق ئۇچۇرلارنىڭ خاتىرىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ھەمبەھىرلىنىشىدىن ساقلىنىشقا ئىشلىتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن[172].

ھەربىي تەرەپنىڭ ئىنتېرنېتنى ئېتىۋېتىشكە تايىنىپ قېلىشى بەلكىم ئۇلارنىڭ ئىنتېرنېت ئالاقىسىنى چەكلەش ياكى توسۇش تېخنىكىسىنىڭ چەكلىك بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولۇشى مۇمكىن[173]. ھالبۇكى، ھەربىي تەرەپ يەنە تور بېكەتلەرنى چەكلەيدىغان شىركەتلەرگە Facebook قا ئوخشاش ئاساسلىق سۇپىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر «قارا تىزىملىك»نى تەمىنلىگەن. ئېنىقكى ھەربىي تەرەپ بۇنى پەقەت تەستىقلانغان تور بېكەتلەرنىڭلا زىيارەت ھوقۇقىغا ئېرىشەلەيدىغان «ئاق تىزىملىك» ئۇسۇلىغا ئايلاندۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ[174]. ھەربىي تەرەپنىڭ جۇڭگو، ھەتتا ۋيېتنامغا ئوخشاش كونترول قىلىش سىستېمىنى تولۇق يولغا قويۇشتا بولغان تېخنىكىلىق ئىقتىدارىنىڭ كەمچىللىكىنى تۆپەيلىدىن،بۇ ئۇسۇللار بەلكىم تېخىمۇ كەڭ بولغان ئېتىۋېتىشنىڭ ئورنىنى ئېلىشى مۇمكىن.

ھەربىي تەرەپنى قوللايدىغان ئاخبارات ھېساباتلىرى يەنە پائالىيەتچىلەر ۋە ھەربىيلەرگە قارشى تۇرغان باشقا كىشىلەرنى توردا پاراكەندىچىلىك سېلىش بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە شەخسىي ئۇچۇرلىرىنى ئاشكارىلىۋەتكەن، بەزىدە ئۇلارغا قارشى باشقىلارنى زوراۋانلىققا كۈشكۈرتكەن، ھەتتا ئۇلارنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەنلەرگە سوۋغاتچە بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىشقان .بۇ پائالىيەتلەرنىڭ ھەربىي ئارتىسلار تەرىپىدىن ماسلاشتۇرۇلغان ياكى بىۋاستە باغلانغانلىقىغا ئائىت بەزى پاكىتلار بار[175]. بۇ خىل مۇھىت ژۇرنالىستلار، پائالىيەتچىلەر، سىياسىي ئۆكتىچىلەرنىڭ قوللىغۇچىلىرى، شۇنداقلا باشقىچە پىكىردە بولغان ھەرقانداق كىشىلەر ئۈچۈن ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ، ھەربىي تەرەپنىڭ شەخسىي خەۋەرلىشىش سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئېرىشەلىشى ھايات-ماماتلىق مەسىلىگە ئايلىنىشى مۇمكىن، سۇپىلارنىڭ قايسى يازمىلارنىڭ رۇخسەت قىلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك تۈزۈملىرىمۇ ھەم.

## تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ قانۇنىي مەجبۇرىيەتلىرى

سىياسىي ئۆزگىرىشتىن ئىلگىرىمۇ، بىرمىنىڭ جۇڭگو ياكى ۋيېتنامغا ئوخشاش كەڭ دائىرىلىك ۋاستىچىلىك مەسئۇلىيەت قائىدىسى بولمىسىمۇ، بىرمىنىڭ قانۇنىي رامكىسى پىكىر ئەركىنلىكى ۋە شەخسىي مەخپىيەتلىكنى قوغدىيالمىدى .ھەربىي ھاكىمىيەتنىڭ سىپى ئۆزىدىن قانۇنسىز ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتقاندا، بىرمىنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا ئاساسەن ھەربىي تەرەپنىڭ قانۇن چىقىرىش ئىقتىدارى گۇمان قىلىشقا ئەرزىيدۇ، ئەمما ھەربىي تەرەپ يەنە بىرمىنىڭ قانۇن تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، شىركەتلەرنىڭ مۇھىتىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى. ئاساسلىق مۇناسىۋەتلىك قانۇنلار تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

- «2013-يىللىق تېلېگراف قانۇنى» (2017-يىلى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن) [176]: بۇ قانۇننىڭ بىر قانچە ماددىلىرى نازارەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىدۇ. 75-ماددىدا ھۆكۈمەت «ئالاقىدار تەشكىلات» نىڭ «زوروۋر تېپىلغاندا» دۆلەت بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ياكى قانۇنغا خىلاپ قىلىدىغان ئۇچۇر ۋە تېلېگراف ئالاقىسىغا بولغان زىيارەت ھوقۇقى بىلەن تەمىنلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ .گەرچە ئىچىدە ئاساسىي ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان بىر ماددا بولسىمۇ، ئەمما بۇ ماددىنىڭ مۇجمەللىكى ۋە كونكرېت تەرتىپلەرنىڭ بولماسلىقى مەسىلە بولغان نازارەت قىلىش قىلمىشلىرىنى ئاسانلا قانۇنىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

---

[171] ARTICLE 19, Myanmar: Internet Shutdowns Shrouding Torchings and Killings, 23 June 2022.

[172] Access Now, *Weapons of Control, Shields of Impunity*, 2023.

[173] International Crisis Group, *Myanmar's Military*.

[174] Frontier Myanmar, Whitelisted Internet Takes Myanmar Back to a 'Dark Age', 30 June 2021; International Crisis Group, *Myanmar's Military*.

[175] A. Nachemson, 'Watermelon Suppression': Doxing Campaign Targets Pro-Democracy Soldiers and Police, Frontier Myanmar, 14 March 2022; OHCHR, Myanmar: Social Media Companies Must Stand Up to Junta's Online Terror Campaign, Say UN Experts, 13 March 2023.

[176] Telecommunications Law, No. 31/2013, 8 October 2013, English translation; MLL Law Library, Pyidaungsu Hluttaw No. 26/17 : Amendment of Telecommunications Law, 28 August 2017, English translation. For a full analysis of this law see ARTICLE 19, *Myanmar: Telecommunications Law, 2013*, March 2017.

76-ماددا يەنە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەندىشىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، مەزكۇر ماددادۆلەت مۇداپىئەسى، بىخەتەرلىكى ياكى جامائەت مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار سەۋەبىدىن تېلېگراف مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىگۈچىلەرگە كىرىشى ۋە تەكشۈرۈلۈشىگە رۇخسەت قىلىدۇ.

جىددىي ئەھۋاللاردا، 77-ماددا قاتناش-ئالاقە مىنىستىرلىقىغا تېلېگراف مۇلازىمىتىنى ۋاقتىنچە توختىتىش، ئۇچۇرنى توسۇش ياكى ئۇچۇرغا ئېرىشىش، كونكېرت شەكىلدىكى ئالاقە تىجارىتىنى توختىتىش ياكى تېلېگراف ئەسلىھەلىرىنى ۋاقىتلىق كونترول قىلىش ھوقۇقى بېرىدۇ. «جىددى ئەھۋال» نىڭ ئېنىقلىمىسى ئېنىق بېكىتىلمىگەن بولۇپ، 2021-يىلىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتىن بۇيان ھەربىي تەرەپ دۆلەتنى «جىددىي ھالەتتە» دەپ جاكارلىغان ئىدى.

- «2014-يىلىدىكى تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى» (2023-يىلى 3-ئايدا تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن): 47-ماددا تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش كومىتېتىغا «تېرورلۇق گۇرۇپپىلىرى ۋە تېرورچىلار» نىڭ ئېلېكترونلۇق ئالاقىسىنى توسۇش ياكى چەكلەش توغرىسىدا بۇيرۇق چىقىرىش ھوقۇقى بېرىدۇ[177]. 2023-يىلى ئېلان قىلىنغان يېڭى «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش قائىدىسى»دە بۇ توسۇشنىڭ تەرتىپى بېكىتىلدى. بۇ قائىدىلەردە ئاساسلىق تەرتىپ قوغداش ئاملى كەمچىل، ھوقۇق بېرىش كومىتېتمۇ ھەربىي تەرەپتىن مۇستەقىل بولغان بىر ئورۇن ئەمەس[178]. قائىدىلەردە تېلېگراف شىركەتلىرىنىڭ كومىتېتنىڭ ئالاقىنى توسۇش ياكى چەكلەش بۇيرۇقىنى رەت قىلسا بولمايدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەنگەن[179]. ھەربىي تەرەپ تېرورچى بەلگىسىنى ئاللىبۇرۇن كەڭ كۆلەمدە قوللانغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھوقۇقلارمۇ كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىپ كېتىشى مۇمكىن، بۇنىڭ ئىچىدە پۇقرالارنىڭ قارشىلىق ھەرىكىتى ۋە تىنچ ئۇسۇلنى تەرغىپ قىلىدىغان ئۆكتىچىلەرمۇ بار.

- «پۇقرالارنىڭ مەخپىيەتلىكى ۋە بىخەتەرلىكىنى قوغداش قانۇنى» (2017؛ 2020 ۋە 2021-يىللىرى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن) (مەخپىيەتلىك قانۇنى)[180]: بۇ قانۇن بىر قىسىم ئىنتايىن ئومۇمىي بولغان شەخسىي مەخپىيەتلىك قوغدىشى بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئەمما مۇناسىپ سانلىق مەلۇمات قوغداش تۈزۈمىنى تەشكىل قىلالمايدۇ. 2021-يىلىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ھەربىي تەرەپ دۆلەت مەمۇرىي كېڭەشىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلغان مەزگىلىدە، مەزكۇر قانۇننىڭ بەزى قىسىملىرىنى ۋاقتىنچە توختىتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى[181]. توختىتىلغان مەخپىيەتلىك قوغداشلىرى تېلېگراف تىجارەتچىلىرىنىڭ ھېچقانداق ھوقۇق ۋە قانۇنلۇق ئىجازەت ئالماي تۇرۇپ ئالاقىنى توسىشى ياكى شەخسىي ئۇچۇرلارنى زىيارەت قىلىشىغا بولغان چەكلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

- 2004-يىلىدىكى «ئېلېكترونلۇق مۇئامىلە قانۇنى» (2014 ۋە 2021-يىلى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن) (ETL) [182]: ھەربىي تەرەپ «ئېلېكترونلۇق مۇئامىلە قانۇنى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، شەخسىي ئۇچۇرلارنى باشقۇرىدىغانلاردىن بۇ خىل ئۇچۇرلارنى قوغداشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە شەخسىي ئۇچۇرلارغا رۇخسەتسىز ئېرىشكەن، ئاشكارىلىغان، ئىشلەتكەن، بۇزۇۋەتكەن ياكى تارقاتقانلارغا جىنايى جازا بېرىشنى بۇيرۇدى .بۇ مەجبۇرىيەتلەر بەك ئاددىي-قىسقا ۋە ئىنتايىن مۇجمەل سۆزلەر بىلەن تەسۋىرلىنىپ، خۇسۇسىي ئىگىلىككە ئېغىر ماسلىشىش خىرىسى ئېلىپ كەلدى[183]. بۇلار يەنە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا كەڭرى بولغان مۇستەسنا ئەھۋاللىرىنى بەلگىلەپ بەردى، مىسالغا ئالىدىغان بولساق: ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ تىنچلىق، مۇقىملىق ياكى

177 Counter Terrorism Law, No. 23/2014, 4 June 2014, English translation.

178 Access Now, Myanmar's 'Counter-Terrorism' By-Laws Must Be Denounced for What They Are – Illegal, 19 April 2023. For a partial English translation of the by-laws, see Lincoln Legal Services (Myanmar) Limited, Counter-Terrorism Rules, 1 March 2023.

179 Lincoln Legal Services (Myanmar) Limited, Counter-Terrorism Rules, Rule 80(d).

180 Law Protecting the Privacy and Security of Citizens, No. 5/2017, 8 March 2017, English translation (with post-coup military changes integrated).

181 Myanmar News Agency, Amendment of Law Protecting the Privacy and Security of the Citizens, 13 February 2021, English translation, 14 February 2021.

182 Electronic Transactions Law (Consolidated Version) based on State Peace and Development Council Law No. 5/2004, 30 April 2004, English translation incorporating 2014 amendments and 2021 post-coup changes.

183 Allen & Overy, *Update from On the Ground: Changes to the Electronic Transactions Law and the Impact on Financial Institutions operating in Myanmar*, 15 March 2021, 2.

دۆلەت بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك تور بىخەتەرلىكى مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى توپلىشىغا يول قويۇش ۋە ھۆكۈمەتنىڭ شەخسىي سانلىق مەلۇماتلارغا ئېرىشىشىنى قانۇنىي باھانە بىلەن تەمىنلەش.

- «تور بىخەتەرلىكى قانۇنى لايىھەسى» (2021؛ 2022): 2021-يىلىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتىن بىر نەچچە كۈن كېيىن، ھەربىي تەرەپ «تور بىخەتەرلىكى قانۇنى لايىھەسى»نى ئېلان قىلدى. گەرچە بىر قانچە ماددىلار «ئېلېكترونلۇق مۇئامىلە قانۇنى» غا كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، سودا جەمئىيەتلىرى ۋە پۇقرالار جەمئىيىتىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىدىن كېيىن، IT بۇ لايىھەنى بىكار قىلدى[184]. 2022-يىلى تۈزىتىلگەن لايىھە ئوتتۇرىغا قويۇلدى[185]. نۆۋەتتە ھەربىي تەرەپنىڭ ھېلىھەم ئېغىر بولغان پىكىر ئەركىنلىكى ۋە شەخسىي مەخپىيەتلىك مەسىلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مەزكۇر قانۇننى ئوتتۇرىغا قويماقچى ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى ئېنىق ئەمەس. بۇ قانۇن لايىھەسى رەقەملىك مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىگۈچىلەرگە تىزىملىتىش تەلىپى ۋە باشقا ئېغىر مەجبۇرىيەتلەرنى يۈكلەيدۇ، بۇ خىل تەمىنلىگۈچىلەرگە يېقى دەخلى-تەرۇز قىلىش خاراكتېرلىك نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ھوقۇقى يارىتىپ بېرىدۇ ھەمدە سانلىق مەلۇماتنى يەرلىكتە ساقلاش تەلىپىنى قويىدۇ. ئۇ يەنە ھۆكۈمەتنىڭ رۇخسىتىسىز VPN ئىشلىتىشنى بىر جىنايەتكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

بىرما قانۇنى نازارەت قىلىشقا رۇخسەت بېرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدا مۇناسىپ بولغان شەخسىي سانلىق مەلۇمات قوغداش تۈزۈمى كەمچىل. ئۇ دائىرىلەرنى ئىنتېرنېت مۇلازىمىتىگە ئارىلىشىش ۋە ئۇچۇرغا چەكلىمە قويۇش بۇيرۇقى بېرىشكە ھوقۇقلاندۇرىدۇ. بولۇپمۇ بېرمىنىڭ ھازىرقىدەك بىرما ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي ھالەت بۇيرۇقى چىقارغان ۋە جىددىي ھالەتتە داۋاملىق تۇرىۋاتقان ۋەزىيىتى ئاستىدا، بۇ قانۇن رامكىسى پىكىر ئەركىنلىكى ۋە شەخسىي مەخپىيەتلىك ھوقۇقىغا كەڭ كۆلەمدە دەخلى-تەرۇز قىلىشقا ئىمكان يارىتىدۇ. سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن بېرمىنىڭ قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش ھالىتىنىڭ يىمىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ھەربىي تەرەپنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى(ئۆز ئالدىغا ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرى) قانۇنىي ھۆججەتتىنمۇ مۇھىم بولۇشى مۇمكىن، ئەمما قانۇن رامكىسى يەنە ھەربىي تەرەپكە شەخسىي شىركەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ھەققىدە ھەمكارلىشىشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقىنىمۇ بەرمەكتە.

## تېخنىكا شىركىتىنىڭ ئىنكاسلىرى

2021-يىلى 2-ئايدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتىن بۇيان، بىرما ئارمىيىسى تور ئۇچۇر بوشلۇقىغا بولغان كونتروللۇقنى كۆزلىگەنلىكىدەك تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. بۇنىڭ بىر قىسىم سەۋەبى بولسا، داڭلىق سۇپىلار ھەربىي تەرەپنى قانۇنلۇق ھۆكۈمەت دەپ ئېتىراپ قىلمىدى ھەمدە ئادەتتىكىگە ئوخشىمايدىغان بىر ئۇسۇلدا، ھەربىي تەرەپكە باغلىنىشلىق ھېساباتلاردىكى مەزمۇنلارنى چۈشۈرۈۋەتتى ياكى ئۆچۈرۈۋەتتى. تۆۋەندىكى بىرىنچى مىسال تەتقىقاتى بۇ ھەرىكەتلەرنى تەپسىلىي تونۇشتۇرىدۇ. بۇ شىركەتلەرمۇ ھەربىي تەرەپنىڭ تەلەپلىرى بىلەن ھەمكارلىشىشنى رەت قىلغاندەك قىلىدۇ. سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن، Facebook ئېنىق قىلىپ «بىرما ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دائىرىلەر ئۈچۈن ساقلانغان نورمال قانالىرىمىز ئارقىلىق Facebook قا مەزمۇن ئۆچۈرۈش تەلىپىنى ئەۋەتىش ئىقتىدارىنى مۇددەتسىز توختىتىپ قويدۇق» دېدى[186].

بەلگىلىملەرگە ئەمەل قىلماسلىقنىڭ 2 كۆرۈنەرلىك ئاقىۋىتى بار. بىرىنچى، ھەربىي تەرەپنىڭ تېخنىكا شىركەتلىرىگە قارىتا قوللانغان ئاساسلىق تاللىشى بولسا ئۇلارنى پۈتۈنلەي توسۇۋېتىش. سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىنكى بىر نەچچە كۈن ئىچىدە، ھەربىي تەرەپ Facebook، WhatsApp، Twitter ۋە Instagram قاتارلىقلارنى چەكلەش بۇيرۇقى چىقاردى. ھالبۇكى، مۇلازىمەت

---

184 See description of developments at Myanmar Centre for Responsible Business, Update on Draft Cybersecurity Law and its Impacts on Digital Rights and the Digital Economy, 15 February 2022; ARTICLE 19, Myanmar: Scrap Cyber Security Draft Law and Restore Full Internet Connectivity, 12 February 2021.

185 Free Expression Myanmar, Cyber Security Law (Draft), State Administration Council Law No.-/2022, English translation with annotated changes from the earlier draft. For analysis and commentary on this draft, see Centre for Law and Democracy, Myanmar: Note on New Draft Cyber Security Law, April 2022; Access Now, Analysis: The Myanmar Junta’s Cybersecurity Law Would Be a Disaster for Human Rights, 27 January 2022; Free Expression Myanmar, Military’s Cyber Security Bill Worse Than Their Previous Draft, 27 January 2022.

186 R. Frankel, An Update on the Situation in Myanmar, Meta, 11 February 2021.

بىلەن تەمىنلىگۈچىلەرنىڭ بۇ بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلىش ئۇسۇللىرى بىردەك بولمىغاچقا شۇنداقلا نۇرغۇن ئىشلەتكۈچىلەر VPN ئىشلىتىپ بۇ بۇيرۇقلارنى ئايلىنىپ ئۆتكەچكە، بۇ خىل چەكلەش بۇيرۇقلىرىنىڭ ئۈنۈمى ھەمىشە ئۈنۈملۈك بولمىدى[187]. ھەربىي تەرەپ ئەلۋەتتە بۇ مۇلازىمەتلەرنى ئىشلىتىشكە چەكلىمە قويالىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشىنى پۈتۈنلەي توسۇپ قالالمىدى.

ئىككىنچىدىن، ھەربىي تەرەپنىڭ ئاچقۇچلۇق سۇپىلاردىن چېكىنىپ چىقىشى ۋە ھەربىي تەرەپنىڭ بۇ خىل ئەپلەرنىڭ زىيارەت قىلىنىشىنى چەكلەشكە ئۇرۇنۇشى رەقەملىك بازارنى ئاللىقاچان پارچىلىدى ۋە ئۆزگەرتىۋەتتى، بېرما ئابونتلىرى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كەڭرى ۋە كۆپ خىل بولغان ئەپلەرگە تايىنىشقا باشلىدى[188]. كارخانا مەسئۇلىيىتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ بىر شىركەتنىڭ ھەرىكىتىنىڭ ئانچە مۇھىم ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. سىياسىي ئۆزگىرىشتىن ئىلگىرى، كىشىلەرنىڭ دىققىتى Facebook نىڭ بېرمىدىكى مەغلۇبىيەتلىرىدە بولغان. ھازىر، پۈتۈن ساھە ھەرىكەتكە ئۆتۈشى كېرەك، ئەمما تۆۋەندىكى مىسال تەتقىقاتىدا كۆرسىتىلگەندەك، شىركەتلەرنىڭ ئىنكاسى ھەر خىل بولدى.

گەرچە ھەربىي تەرەپ چەتئەل تېخنىكا سۇپىلىرىدىكى مەزمۇنلارنى كونترول قىلىپ بولالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئەمەلىيەتتە تېلېگراف مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىگۈچىلەر ۋە دۆلەتنىڭ نۇرغۇن ئىنتېرنېت ئۇل ئەسلىھەلىرىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلغان بولۇپ، ئۇنى ئىنتېرنېتنى ئېتىۋېتىش ياكى توسۇشقا شۇنداقلا ئابونتلارنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىنى ھەمبەھىرلەش ياكى كۆزىتىش قوراللىرىنى ئورنىتىشقا بۇيرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلدى .بېرمىدا 4 تېلېگراف مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىگۈچى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ 2 سى سىياسىي ئۆزگىرىشتىن ئىلگىرىلا ھەربىي تەرەپ بىلەن باغلىنىشلىق ئىدى. Mytel نى مىسالغا ئالساق، ئۇ بېرما ۋە ۋېيتنام ئارمىيىسىنىڭ ئورتاق مەبلىغىدىكى كارخانا بولۇپ، ئارمىيەگە قارشى تۇرغۇچىلار ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئىشەنمەيدۇ، سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن، قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىش گۇرۇپپىلىرى ئۇنىڭ بىر قىسىم مۇنارلىرىنى ۋەيران قىلدى[189]. بۇ دۆلەتتىكى 2 چەتئەل شىركىتى ئايرىم-ئايرىم ھالدا نورۋېگىيە Telenor شىركىتى ۋە قاتار ئىگىدارچىلىقىدىكى Ooredoo شىركىتى. Telenor شىركىتى ھازىر بېرمىدىكى كەسپىنى ئاللىقاچان تۆۋەندىكى مىسال تەتقىقاتىدا تەسۋىرلەنگەن ھەربىي تەرەپكە مۇناسىۋەتلىك بىر شىركەتكە سېتىپ بەردى. Ooredoo مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىدىغان سېتىش ئۈچۈن بېرما ھەربىي تەرەپنىڭ تەستىقىنى ئېلىشقا ئۇرۇنماقتا .ھەر ئىككىلا شىركەت ھەربىي تەرەپنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىغان بولۇپ، سىياسىي ئۆزگىرىشتىن بىر نەچچە ئاي ئىلگىرى ھەربىي تەرەپ ئۇلارغا نازارەت قىلىش يۇمشاق دېتالى ئورنىتىشقا بۇيرۇق قىلغان[190].

ھەربىي تەرەپنىڭ ئىنتېرنېت مەزمۇنىغا چەكلىمە قويۇش ۋە نازارەت قىلىش ئىقتىدارىنىڭ چەكلىك بولۇشى بەلكىم تېخنىكىلىق ئىقتىدارىنىڭ چەكلىك بولغانلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن .گەرچە ھەربىي تەرەپنىڭ تېخنىكىلىق ئىقتىدارى ئادەتتە بىر قەدەر ناچار دەپ قارالسىمۇ (ھېچ بولمىغاندا جۇڭگو ۋە ۋېيتنامنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا شۇنداقراق)، ئەمما پائالىيەتچىلەر بۇنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى، چۈنكى بۇنىڭغا چېتىلغان خېيىم-خەتەر بەك يۇقىرى، ھەممە ھەربىي تەرەپ تېلېگراف شىركەتلىرىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپلا قالماي، يەنە بىر قاتار تاكتىكىلارنى ئىشلىتىپ خادىملارنى ئىز قوغلىغان[191].

ھەربىي تەرەپ ئاكتىپلىق بىلەن، جۈملىدىن چەتئەل شىركەتلىرىدىن سېتىۋېلىش ئارقىلىق، كۆزىتىش تېخنىكىسىغا ئېرىشىش قانائلىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن تىرىشۋاتىدۇ، گەرچە بۇ مەخپىي ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھەممە بۇ خىل مۇئامىلىلەرنىڭ ئامىلى ئۈچۈن ئۇرۇقلىرىنى تېپىش ئاسان بولمىسىمۇ .مەسىلەن، جۇڭگو شىركەتلىرى بېرمىغا ئىزچىل ھالدا يىپىق سىملىق تېلېۋىزىيە(CCTV) ۋە بىئولوگىيەلىك تونۇش تېخنىكىسى بىلەن تەمىنلىمەكتە[192]. ئاساسلىقى ھىندىستان ھۆكۈمىتىگە تەۋە، ئەمما Goldman Sachs

[187] International Crisis Group, *Myanmar's Military*.

[188] H.O. Faxon, K. Kintzi, V. Tran, K.Z. Wine, and S.Y. Htut, Organic Online Politics: Farmers, Facebook, and Myanmar's Military Coup, *Big Data and Society*, 16 April 2023.

[189] Reuters, Attacks on Myanmar Telecom Towers Show Evolving Tactics in Conflict, 17 September 2021.

[190] F. Potkin and P. McPherson, How Myanmar's Military Moved in on the Telecoms Sector to Spy on Citizens, Reuters, 18 March 2021.

[191] Interview with Golda Benjamin, Access Now.

[192] Access Now, Track and Target: FAQ on Myanmar CCTV Cameras and Facial Recognition, 4 August 2022; ARTICLE 19, Who Buys and Controls the CCTV? Myanmar's Slippery Slope to Mass Surveillance, 2022.

نى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا پايچېكلىرىمۇ بار ھىندىستان Bharat Electronics شىركىتى ھەربىي تەرەپكە ھەربىيلىكتە ئىشلىتىلىدىغان ھەمدى ھەربىي-پۇقرالار ئىشلىتەلەيدىغان تېخنىكا بىلەن تەمىنلىگەن[193]. سىياسىي ئۆزگىرىشتىن ئىلگىرى تۈزۈلگەن سودىلاردىكى ئاشكارىلىقنىڭ كەملىكىدىن ھەربىي تەرەپنىڭ قولىدا قانداق كۆزىتىش قوراللىرىنىڭ بارلىقنى باھالاشنى ئىنتايىن قىيىن. مەسىلەن، ئىسرائىلىيە شىركىتى Cognyte Software سىياسىي ئۆزگىرىشتىن بىر ئاي ئىلگىرى بېرمىغا جاسۇسلۇقنى توسۇۋېلىش يۇمشاق دېتالللىرىنى سېتىپ بېرىش توختامىغا ئېرىشكەن ئىدى[194].

كۆزىتىش تېخنىكىسى ۋە جاسۇسلۇق يۇمشاق دېتال سودىسىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى تولۇق مۇلاھىزە قىلىش بولسا ئۇشبۇ دوكلاتنىڭ دائىرىسى ئىچىدە ئەمەس .

---

*چەتئەل تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ رولى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن كۆزىتىش ۋە جاسۇسلۇق يۇمشاق دېتال شىركەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشىنىڭ كېرەكلىكى ھەققىدە بېرما مۇھىم بىر مىسال بىلەن تەمىنلەيدۇ، چۈنكى بۇ كەسىپلەرنىڭ تىجارىتى مەخپىي بولىدۇ، شۇڭا ئاممىۋى بېسىم تەشۋىقاتى ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىش بەك تەس.*

---

ھالبۇكى، بېرمىنىڭ نازارەت قىلىش گۇرۇپپىلىرى ئاكتىپلىق بىلەن ئۇلارغا بېسىم قىلىشقا ئۇرۇندى[195].

**مىسال تەتقىقاتى: 2021-يىلىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن سۇپىلارنىڭ ھەربىي تەرەپكە بولغان ئىنكاسلىرى**

2021-يىلىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن، بىر قانچە تېخنىكا شىركەتلىرى ھەربىي مەزمۇنلارنى سۈپىسىدىن چىقىرىۋېتىش تەدبىرلىرىنى ئېلان قىلدى. سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، Meta ھەربىي تەرەپ باشقۇرۇدىغان قانالالارنىڭ ساختا ئۇچۇرلارنى تارقىتىشنى ئازايتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى .ئۇنىڭدىن كېيىن، 2021-يىلى 2-ئاينىڭ 24-كۈنى، ئۇلار يەنە ھەربىي تەرەپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك كارخانىلارنىڭ ئېلانلىرى بىلەن بىللە، Facebook ۋە Instagram دىكى بارلىق ھەربىي تەرەپ ۋە ھەربىي تەرەپنىڭ كونتروللۇقىدىكى ھېساباتلارنى چەكلىگەن .ئۇلار ھەربىي تەرەپنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىش تارىخى ۋە سۇپا تۈزۈملىرىگە قايتا-قايتا خىلاپلىق قىلىشلىرى، شۇنداقلا داۋاملىشىۋاتقان تۈزۈملەرگە خىلاپلىق قىلمىشلىرى، كەلگۈسىدە خىلاپلىق قىلىش مۇمكىنچىلىكلىرى ۋە سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن تور سىرتىدا زىيانكەشلىك قىلىش خەتىرىنىڭ كۈچىيىشى تىلغا ئالغان[196]. بىر نەچچە ھەپتىدىن كېيىن، بېرما بىخەتەرلىك قىسىملىرىنىڭ نامايىشچىلارغا قارىتىلغان زوراۋانلىقنى ماختىغان ياكى قوللايدىغان يازمىلارنى ئۆچۈرۈۋېتىش توغرىسىدا كونكرېت تۈزۈم ئېلان قىلدى ۋە 2021-يىلى 12-ئايدا ھەربىي تەرەپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك كارخانىلارنىڭ سۇپىغا كىرىشنى چەكلىدى[197].

ھەربىي تەرەپ Facebook نى زىيارەت قىلالمىغاچقا، ئۇلار YouTube، VK ۋە TikTok قاتارلىق باشقا سۇپىلارغا كۆچۈشكە ئۇرۇندى. Meta نىڭ باشلامچىلىقىدىن كېيىن،2021-يىلى 3-ئاينىڭ بېشىدا YouTube ھەربىي تەرەپ باشقۇرۇدىغان 5 تېلېۋىزىيە قانالللىرىنى ئۆچۈرۈۋەتكەن، ئەمما، YouTube شۇنىڭدىن كېيىن بېرمىغا ئائىت كونكېرتنىي ھەرىكەتلىرىنى ئاشكارا ئېلان

---

193 Justice for Myanmar, Bharat Electronics Limited Supplying Technology to Myanmar since Attempted Military Coup, 14 June 2021.

194 F. Potkin and P. Mcpherson, Israel's Cognyte Won Tender to Sell Intercept Spyware to Myanmar before Coup – Documents, Reuters, 18 January 2023.

195 See, for example, Justice for Myanmar, Tools of Digital Repression, 2 March 2021; Burma Campaign UK, The Dirty List, August 2023.

196 R. Frankel, An Update.

197 R. Frankel, An Update.

قىلمىدى، رەقەملىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتتە ئاساسەن دىگۇدەك ھېچ ئىش قىلمىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى[198].

TikTok نىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىنكاسى بىر قەدەر ئاستا بولدى ھەمدە ھەربىي تەرەپنىڭ ئەسكەرلەرنىڭ زوراۋانلىق تەھدىتلىرى ۋە قوراللىرىنى كۆز-كۆز قىلغان مەزمۇندىكى تەشۋىقاتلىرىنى ئېلان قىلغانلىقى ئۈچۈن تەنقىدكە ئۇچرىدى[199]. 2021-يىلى 3-ئاينىڭ باشلىرىغىچە، «بېرما ئۇچۇر ۋە خەۋەرلىشىش ئىلگىرى سۈرۈش تەرەققىيات تەشكىلاتى» (MIDO) نامايىشچىلارغا تەھدىد سالغان 800 دىن ئارتۇق ھەربىي تەرەپنى قوللايدىغان، نامايىشچىلارغا تەھدىت سالغان سىن ھۆججەتلىرىنى خاتىرىلىدى[200]. مەزكۇر تەتقىقات ۋە باشقا ئاممىۋي تەنقىتلەرگە قارىتا، TikTok ھەرىكىتىنىڭ ئاستا بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى، ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇنلىغان ھېساباتلارنى «ئاكتىپلىق بىلەن چەكلىگەن» لىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى [201]. ئۇلار يەنە رىياسەتچىلەرگە يېڭى كۆرسەتمىلەرنى ئەۋەتىش ۋە بېرما پۇقراۋي جەمئىيەتلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كېڭەيتىش قاتارلىق قەدەملەرنى ئالدى[202]. ھالبۇكى، TikTok يەنە بېرمدا مەزمۇن تەكشۈرۈپ-تەستىقلاش مەسلىسىدە داۋاملىشۋاتقان خىرىسلارغا دۇچ كەلدى، قىسمەن سەۋەبى بولسا ھەربىي تەرەپنىڭ سۇپىدىكى ھەرىكىتىنىڭ باشقا سۇپىلاردىكى ھەرىكىتىگە ئوخشمايدىغانلىقى، ئەسكەرلەرنىڭ فورما كىيىش ۋە قورال كۆرسىتىش ئېھتىماللىقىنىڭ تۆۋەن بولغانلىقى بولۇپ، بۇ شىركەتنىڭ مەزمۇن تەكشۈرۈپ-تەستىقلاش تىرىشچانلىقىنى كۈلەملەشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ[203].

بېرمىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن، X (ئىلگىرىكى Twitter) بېرمىدا تېخىمۇ ئالقىشقا ئېرىشتى، گەرچە ئۇ ھەربىي تەرەپكە قارىغاندا پائالىيەتچىلەرنىڭ بەكرەك ئالقىشغا ئېرىشكەندەك قىلسىمۇ، ئەمما شىركەتنىڭ ھەربىي تەرەپكە مۇناسىۋەتلىك خاتا ئۇچۇرلارغا قارشى تەدبىر قوللىنىشىدا مەسىلە كۆرۈلدى [204]. ئېلون ماسك 2022-يىلى بۇ سۇپىنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن بېرى، X نى ئىشلىتىدىغان بىرما پائالىيەتچىلىرى مەزمۇن تەكشۈرۈپ-تەستىقلاشقا بولغان كۈچىنىڭ تۆۋەنلەپ، ھەربىي تەرەپكە ئائىت ھېساباتنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى ۋە ماسكنىڭ ئابونتلارنىڭ ھەققىي كىملىكىنى دەلىللىشىنى تەلەپ قىلىشىدىن، نەتىجىدە خەتەردىكى پائالىيەتچىلەرنىڭ ئىسمىنى مەخپىي تۇتۇلىشى ۋە بىخەتەرلىكىگە قارىتا ئەندىشىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى[205]. دۇنيا مىقياسىدا X نىڭ مەزمۇنلارغا بولغان تەكشۈرۈپ-تەستىقلىشىدە چۇشۇش كۆرۈلگەن بولسىمۇ، بۇ خىل ئەندىشىلەرنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئورۇنلۇق ئىكەنلىكى X نىڭ كەلگۈسىدىكى تۈزۈم تاللىشىغا باغلىق.

Google مۇ ھەربىي تەرەپنىڭ مەزمۇنلارنى ئۆچۈرۈۋېتىشتە بەزى ھەرىكەتكە ئۆتتى، ئۇلار ئۆزىنىڭ Blogger سۇپىسىدىن ھەربىي تەشۋىقات بىلوگىنى چۈشۈرۈۋەتتى، ھەمدە Mytel تارقاتقان ئېلانلارنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى، بۇ ئىككى ئىش پائالىيەتچىلەر ئۇلارنى مەزمۇن ئۆچۈرۈشتە چاقىرىق قىلغاندىن كېيىن ئاندىن يۈز بەردى[206]. 2022-يىلى Google ۋە Apple نىڭ ھەر ئىككىلىسى بىرما پائالىيەتچىلىرىنىڭ ئۆچۈرۈۋېتىش چاقىرىقىدىن كېيىن، بېرما ھەربىي تەرەپ ياساپ تارقاتقان ھەربىي كونتروللۇقىدىكى رادىئو تارقىتىش ئەپىنى ئېلان قىلىنغان بىر كۈن ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەپ دۇكانلىرىدىن ئۆچۈرۈۋەتتى [207].

---

[198] Freedom House, Freedom on the Net 2023: Myanmar (citing discussions with digital rights defenders).

[199] International Crisis Group, *Myanmar's Military*, p. 22.

[200] Reuters, 'I Will Shoot Whoever I See': Myanmar Soldiers Use TikTok to Threaten Protesters, 4 March 2021.

[201] K. Lyons, TikTok Banning Some Accounts in Myanmar, 20 March 2021.

[202] International Crisis Group, *Myanmar's Military*, p. 22.

[203] International Crisis Group, *Myanmar's Military*.

[204] E. Hale, From China to Thailand, Dissidents Fear Musk's Twitter Reign, Al-Jazeera, 7 November 2022.

[205] Hale, From China to Thailand; A. Deck, E. Fishbein, and G. Glatsky, Where Anonymity on Twitter Is a Matter of Life or Death, *Rest of World*, 6 May 2022.

[206] J. Elder, Google Has Pulled Down a Propaganda Blog Backing the Military Coup in Myanmar after Outcry by Online Activists, Business Insider, 20 February 2021; F. Potkin, Google and Viber Review Adverts for Myanmar Military Backed-Telecoms Firm, *Reuters*, 10 March 2021.

[207] Justice for Myanmar, US Tech Firms Enabling Myanmar Junta Propaganda, 5 May 2022; The Irrawaddy, Myanmar Junta Propaganda App Ditched by Apple and Google, 7 May 2022.

هالبۇكى، Google ۋە Apple پائالىيەتچىلەر تەلەپ قىلغان ھەربىي تەرەپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك باشقا ئەپلەرنى ئۆچۈرەلمىدى، مەسىلەن Facebook نىڭ كوپىيەسى دەپ قارالغان ھەربىي تەرەپكە ئائىت OKPar ئەپى[208].

شۇڭا نۇرغۇنلىغان ئاساسلىق پەن-تېخنىكا شىركەتلىرى ھېچ بولمىغاندا سۇپىلىرىدىكى ھەربىي تەرەپنىڭ مەزمۇنلىرىغا قارشى بەزى تەدبىرلەرنى قوللاندى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر مۇستەسنا بولسا Telegram، باشقا سۇپىلار بارغانسېرى زىيارەت قىلىشقا تەسلەشكەن بولغاچقا، ھەربىي تەرەپ بىخەتەر پاناھ جايىنى Telegram دىن تاپتى .ب د ت مۇتەخەسسىسلىرى Telegram نىڭ زوراۋانلىق ۋە ئاياللارنى كەمسىتىش مەزمۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، ئاللىقاچان ھەربىي تەرەپنى قوللايدىغان پائالىيەتلەرنىڭ «قىزىق نۇقتىسى» غا ئايلانغانلىقىنى ئاگاھلاندۇردى[209]. مەزكۇر سۇپىدىكى ھەربىي تەرەپنى قوللايدىغان ھېساباتلار ھەربىي تەرەپنىڭ يالغان-ساختا ئۇچۇرلىرىنى ۋە تەشۋىقاتلىرىنى تارقىتىپ، سىياسىي ئۆزگىرىشكە قارشى تۇرغۇچىلارغا «بەدەنسىمان ئىزدەش»(人肉搜索) ئېلىپ باردى، ھەمدە ئۇلارنىڭ شەخسىي ئۇچۇرلىرىنى ئاشكارىلاپ، زوراۋانلىق تەھدىتلىرىنى قىلدى، ئۇلارنى قولغا ئېلىشقا چاقىرىق قىلدى شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ھېسابات نومۇرلىرىنى ئېكران كۆرۈنۈشلىرى بىلەن ياكى ئايال پائالىيەتچىلەرنىڭ يالىڭاچ-شەھۋانىي رەسىملىرى(كۆپىنچە كىرىشتۈرۈلگەن) نى تارقىتىشۇەتتى. [210] «سىلىق-سىپايە مەزمۇننى تەكشۈرۈپ-تەستىقلاش» بىلەن داڭق چىقارغان Telegram،[211] بۇنداق مەزمۇنلارغا قارىتا ئاساسەن تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئېلىپ بارمىدى. ئاۋامنىڭ بېسىمىغا قارىتا، ئۇلار 2023-يىلى 3-ئايدا مۇلازىمەت شەرتلىرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن بىر قانچە ھەربىي تەرەپنى قوللايدىغان قانااللارنى ئۆچۈرۈۋەتتى، ئەمما باشقا نۇرغۇن ھەربىي تەرەپنى قوللايدىغان قانااللار بۇ سۇپىدا داۋاملىق قېلىپ قالدى، شۇنداقلا ھېلىھەم«بەدەنسىمان ئىزدەش»(人肉搜索) مەسىلىسىنى داۋاملاشتۇرماقتا[212].

ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، خاتا ئۇچۇر، ئۆچمەنلىك قىلىش پىكىرلىرى ۋە زوراۋانلىق تەھدىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەربىي مەزمۇنلار تور سۇپىلىرىدا، بولۇپمۇ Telegram دا دائىم كۆرۈلىدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى .مەسىلەن، «رېيتېر ئاگېنتلىقى»نىڭ 2021-يىلى نويابىردىكى بىر خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، ئۇ 200 دەك ھەربىي خادىمنىڭ Facebook، YouTube، Twitter ۋە Telegram دا خاتا ئۇچۇر تارقىتىۋاتقانلىقىنى بايقىغان بولۇپ، مەزمۇنلار ئادەتتە بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدە نەچچە ئون تەقلىد قىلىنغان ھېساباتلاردا كۆچۈرۈپ چاپلىنىدىكەن[213].

بۇنىڭدىكى بىر سەۋەب شۇكى، گەرچە شىركەتلەر كۆرۈنەرلىك كۆرۈنىدىغان چارىلەرنى ئېلان قىلىشقان بىلەن، ئەمما بىردەك بولغان تەدبىر قوللىنىپ مەسىلە بار مەزمۇنلارنى ئۆچۈرۈشتە تېخىمۇ چوڭ خىرىسقا دۇچ كەلمەكتە. مەسىلەن، Facebook بەلكىم ئەڭ ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇرغان شىركەت بولغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ 2018-يىلى روھىنگىياغا قارشى ئۆچمەنلىك قىلىدىغان پىكىرلەر تۇپەيلى داڭق چىقارغاندىن كېيىن، بېرمىدا مەزمۇننى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشقا تېخىمۇ كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان بولۇشى مۇمكىن .ئۇنىڭ ھەرىكىتى ھەقىقىي تەسىر پەيدا قىلىپ، ھەربىي تەرەپنى ھېساباتلىرىنى Telegram غا كۆچۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى. هالبۇكى، Meta نىڭ تۈزۈملىرىگە خىلاپلىق قىلغان ھەربىي تەرەپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھېساباتلار ۋە سۆزلەرنى Facebook تا

[208] Access Now, Meta and Google Must Use Their Powers to Stop Myanmar's Alternative Propaganda Machine, 21 September 2021 (OKPar was also still available on both app stores at the time of writing).

[209] OHCHR, Social Media Companies Must Stand Up to Junta's Online Terror Campaign.

[210] A. Nachemson, Channelling Hate and Disinformation: Myanmar's Bad Actors Move to Telegram, *Frontier Myanmar*, 15 September 2021; BNI, How Myanmar Lobbyists Use Telegram to Spread Propaganda, Fake News, 9 June 2022; Mi-Kun, In Myanmar, Telegram Is Used as a Weapon to Destroy Lives, EngageMedia, 26 July 2023.

[211] C. Crystal, Facebook, Telegram, and the Struggle against Online Hate Speech, Carnegie Endowment for Peace, 7 September 2023.

[212] Nang, Despite Takedowns, Pro-Military Doxing Rampant in Myanmar Telegram Channels, Rappler, 22 August 2023.

[213] F. Potkin and W. Lone, 'Information Combat': Inside the Fight for Myanmar's Soul, Reuters, 2 November 2021.

دائىم ئۇچراتقىلى بولىدۇ، بىر پۈتكۈل جەمئىيەت تەشكىلاتىنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئۆچۈرۈلمىگەنىنىڭ ئۈستىگە، ئالگورىزىمىنىڭ بۇ خىل مەزمۇننى داۋاملىق تەشۋىق قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ئىكەن[214].

بىرما رەقەملىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى زىيانلىق مەزمۇنلارنى كەۋدىلەندۈرۈش ۋە سۇپىلاردا ئۇلارغا بەلگە قويۇشتا تەشكىللەنگەن، مەسىلەن ھەربىي تەرەپ يېقى Facebook بېتىنى قورغاندا ئۇلار ھەمكارلىشىپ بۇ بەتلەرنى شىكايەت قىلىشىدۇ[215]. بىرمىدىكى پۈتراللار جەمئىيىتى ۋە تەشۋىقاتچىلار دۇچ كېلىۋاتقان ئاچقۇچلۇق خىرىس سۇپىلارنىڭ ئىنكاس قايتۇرۇشىلا ئەمەس، بەلكى تېز ئىنكاس قايتۇرۇشى بولۇپ كەلدى، چۈنكى ھەربىي تەرەپنىڭ ئوخشىمىغان سۇپىلاردا كۆپلىگەن ھېساباتلىرى بولۇپ، ئۇلار سۇپىلار ئارا ئاسانلا ئاتلىيالايدۇ ياكى بىر سۇپىدا ھېساباتىنى ئۆزگەرتىپ، ئەگەشكۈچىلىرىنى ئېلىپ كېتەلەيدۇ [216]. Telegram ئۇلانمىلىرى TikTok ۋە Facebook ھېساباتلىرىغا يوللىنىپ، ئۇلارنىڭ تەسىر دائىرىسىنى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزىدۇ، مەسىلەن، مەسىلە بار مەزمۇنلارنى سۇپىلار ئاتلاپ تارقىتالايدۇ[217]. ئابونېتلار يەنە سۇپىلارنىڭ بايقىشى تەس بولغان غەيرىي مەزمۇنلارنى يوللاشقا باشلىدى[218]. بۇلارغا ئىنكاس سۈپىتىدە، سۇپىلار مەزمۇننى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئۈچۈن جۈملىدىن يەرلىك ۋەزىيەتنى بىلىدىغان تەستىقلىغۇچىلارنى ئىشقا ئېلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا داۋاملىق مەبلەغ سېلىشقا موھتاج.

**مىسال تەتقىقاتى: بىرمىدىكى Telenor**

Telenor بولسا پېيىنىڭ كۆپ قىسمى نورۋېگىيە دۆلىتى ئىگىدارچىلىقىدىكى تېلېگراف شىركىتى. 2013-يىلى مەزكۇر شىركەت بىرما ھۆكۈمىتى تەمىنلىگەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى 2 تېلېگراف ئىجازەتنامىسىنىڭ بىرىدە ئۈستۈن رىقابەت بىلەن ئۇتۇپ چىقتى[219]. ئۇنىڭ پۈتۈن ئىگىدارچىلىقىدىكى تارماق شىركىتى بولغان Telenor Myanmar 2014-يىلى پۈتۈن مەملىكەتتە يانفون تورىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. 2020-يىلغا بارغاندا، Telenor Myanmar نىڭ 18 مىليوندىن ئارتۇق كۆچمە مۇشتەرىسى بار بولۇپ، بىرما نوپۇسىنىڭ 92% نى ئىگىلىدى[220]. بۇ پائالىيەتچىلەر ۋە كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر تاللىشى ئىدى، چۈنكى ئۇ ھەربىي تەرەپ ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان تاللاشلار ياكى قاتارنىڭ Ooredoo سىغا قارىغاندا تېخىمۇ بىخەتەر ۋە ھوقۇقنى تېخىمۇ ياخشى قوغدايدۇ دەپ قارىلىپ كەتكەن.

سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن، Telenor ۋە باشقا تېلېگراف تىجارەتچىلىرى كۆندە بىر قىسىم تور بېكەت ۋە VPN لارنى قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈش ئۇقتۇرۇشلىرىنى تاپشۇرۇۋېلىشقا باشلىدى، ئۇلار يەنە ئابونتلارنىڭ ئۇچۇرلىرىنى ھەربىي تەرەپ بىلەن ھەمبەھىرلەش بېسىمىغا دۇچ كەلدى[221]. بۇ Telenor نى قىيىن بولغان كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا چۈشۈرۈپ قويىدى، گەرچە سىياسىي ئۆزگىرىشتىن ئىلگىرىكى ھۆكۈمەت Telenor دىن راخىن ۋە چىن شىتاتلىرىدىكى ئىنتېرنېتنى ئىتتىۋېتىشتا ھەمكارلىشىشنى تەلەپ قىلغان، شۇڭا بۇ ئەزەلدىن تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان مەسىلە ئەمەس. سىياسىي ئۆزگىرىشتىن ئىلگىرى، Telenor ئىنتېرنېت زىيارىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن دائىرىلەر بىلەن «ئۈزلۈكسىز سۆھبەتلىشىۋاتقانلىقىنى» بىلدۈرگەن، ھالبۇكى سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن بۇ خىل سۆھبەت بەلكىم رېئاللىققا ئايلانماسلىقى مۇمكىن[222].

---

214 Global Witness, Algorithm of Harm: Facebook Amplified Myanmar Military Propaganda Following Coup, 23 June 2021 (note, however, that this conclusion appears to be based on a single test); Associated Press, Hate Speech in Myanmar Continues to Thrive on Facebook, NBC News, 18 November 2021.

215 International Crisis Group, *Myanmar's Military*, p. 21.

216 Interview with Dhevy Sivaprakasam, Access Now.

217 Mi-Kun, In Myanmar.

218 International Crisis Group, *Myanmar's Military*.

219 Mizzima, Telenor Promises State-of-the-Art Network, BNI, 28 June 2013.

220 Telenor, Building a Network, Connecting a Nation.

221 Mi-Kun, In Post-Coup Myanmar, Telco Operators Act as the Military's Eyes and Ears, EngageMedia, 31 July 2023.

222 Telenor, Continued Network Restrictions in Myanmar from 1 August 2020 (Updated 31 December 2020.

قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، Telenor بۇ دۆلەتتىكى تىجارىتىنى ئەمدى داۋاملاشتۇرماسلىقنى قارار قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ قارارىغا مۇناسىۋەتلىك باياناتىدا «بىزنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەتچان سودىدىكى قىممەت قارىشىمىز»، ھەمدە بېرما بىلەن ياۋروپا قانۇنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، شۇنداقلا خىزمەتچىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى قاتارلىقلار تىلغا ئېلىنىدى [223]. 2021-يىلى 7-ئايدا، مەزكۇر شىركەت بېرمىدىكى تارماق شىركىتىنى لىۋاننىڭ M1 گورۇھىغا سېتىپ بەرگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. ھەربىي تەرەپ دەسلەپتە بۇ سېتىشنى چەكلىدى، بەلكىم ھەربىي تەرەپكە قارام يەرلىك بىر شىركەتنىڭ بۇ سېتىشقا قاتنىشىشىغا كاپالەتلىك قىلماقچى بولغان بولۇشى مۇمكىن .بېرما ھەربىي تەرەپ بىر كېلىشىمنى تەستىقلىغاندىن كېيىن، بۇ سودا 2021-يىلى 3-ئايدا تاماملانغان، بۇ كېلىشىمچە ئاساسەن، M1 كۆپ قىسىم پېيىنى بېرمىدىكى ھەربىي تەرەپ ئالاقىسى بار شۋېي باين فيۇ(Shwe Byain Phyu) غا بەرگەن[224] .

Telenor نىڭ سېتىلىشى بىر قانچە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تالاش-تارتىش قوزغىدى. بىرىنچى، M1 گورۇھىنىڭ ئۆزى يەمەن، سۈرىيە، لىبىرىيە ۋە سۇداندىكى كۆچمە تورلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزگە ئىلمايدىغان مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەر بىلەن ھەمكارلاشقىلى تۈپەيلىدىن داڭقى چىققان ئىدى، بۇلار سۇداندىكى «دارفۇر قىرغىنچىلىقى» مەزگىلىدە شۇ يەردە كۆچمە تورى تىجارىتىنى قىلغان ئىدى[225]. ئىككىنچىدىن، شۋې باين فيۇ(Shwe Byain Phyu) نى قوشۇۋېلىش ھەربىي تەرەپكە ۋارىسلىق قىلغۇچى شىركەتنى بىۋاستە زىيارەت قىلىش ئىمكانىغا ئىگە قىلدى. ئۈچىنچىدىن، كىشىلەر بۇ سېتىشدىن كېيىن سەزگۈر شەخسىي سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ھەربىي تەرەپنىڭ زىيارەت قىلالىشى مۇمكىن بولغان يەرگە يۆتكىلىشى، شۇنداقلا ھەربىي تەرەپ تەرىپىدىن قالايمىقان پايدىلىنىپ كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى ۋە پائالىيەتچىلىرىنى نىشان قىلىشى مۇمكىنلىكىدىن ئەندىشە قىلدى.

پۇقرالار جەمئىيىتى ۋە تەشۋىقات تەشكىلاتلىرى Telenor نىڭ سېتىلىشنى چۆرىدىگەن ھالدا كەڭ پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ئەگەر ئۇنىڭ سېتىلىشنى پۈتۈنلەي توسۇش مۇمكىن بولمىسا، ھېچ بولمىسا ئۇنىڭ كەلتۈرىدىغان زىيىنىنى ئازايتىشنى ئۈمىد قىلدى . بۇنىڭ ئىچىدە گوللاندىيەنىڭ ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتى SOMO (دۆلەت ئاتلىغان كارخانىلار تەتقىقاتى مەركىزى) ۋەكىللىكىدىكى 474 بېرما پۇقرا جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرىنىڭ «ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات تەشكىلاتى»(OECD) نىڭ «نورۋېگىيە دۆلەتلىك ئالاقە نۇقتىسى»(Norwegian National Contact Point) غا ئېلان قىلغان خىرىسمۇ بار – بۇ مېخانىزم بولسا «ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات تەشكىلاتى» نىڭ «دۆلەت ھالقىغان كارخانىلارنىڭ مەسئۇلىيەتچان سودا ھەرىكەت قوللانمىسى» غا ئەمەل قىلغان دۆلەتلەرنىڭ شىركەتلىرىنى ئەرز قىلىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ. ئەرىزدە Telenor نىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا مۇۋاپىق تىرىشچانلىق كۆرسەتمىگەنلىكى، سېتىشقا مۇناسىۋەتلىك ئالاقىدار تەرەپلەرنى يېتەرلىك دەرىجىدە قاتناشتۇرمىغانلىقى ۋە بېرمىدىن چېكىنىش قارارىدا ئوچۇق-ئاشكارە بولمىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان[226]. گەرچە بۇ ئەرز سېتىشنى توختىتىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا توختىتىشقا قادىر بولالمىغان بولسىمۇ، ئەمما مۇرەسسەلىشىشدىن كېيىن SOMO بىلەن Telenor بىر كېلىشىش ئەسلەتمىسى ئىمزالىدى، ئۇنىڭدا Telenor نىڭ ئىچكى تەكشۈرۈش جەريانىنى ئېلىپ بېرىش، بىر مۇستەقىل تەتقىقاتقا مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش ۋە «رەقەملىك بىخەتەرلىك قۇتقۇزۇش مېخانىزمى» بەرپا قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىشكە قوشۇلۇپ، چېكرادىن چىقىشتا مۇناسىۋەتلىك خەتەرگە دۇچ كەلگەن بېرما پۇقرالىرىغا پۇل-مۇئامىلە، قانۇن ۋە تەربىيىلەش ياردىمى بىلەن تەمىنلەيدىغان بولدى[227].

Telenor پۇقرالار جەمئىيىتى بىلەن ھەقىقەتەن مەلۇم دەرىجىدە ئۇچراشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ دۆلەت ئىچىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ نۇرغۇن تەلەپلىرىنى ئورۇندىيالمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى . مەسىلەن، كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى Telenor غا بېسىم ئىشلىتىپ، سانلىق مەلۇماتلىرىنى ھەربىي تەرەپكە تاپشۇرۇپ

---

[223] Telenor, Sale of Telenor Myanmar Approved by Myanmar Authorities, 18 March 2022.
[224] P. McPherson and F. Potkin, Myanmar Firm Poised to Control Telenor Unit after Military Backs Bid, Reuters, 11 February 2022.
[225] Justice for Myanmar, Exposing the Business Networks Fuelling Brutality and Corruption, 9 July 2021.
[226] OECD Watch, SOMO Representing 474 Myanmar CSOs vs. Telenor ASA, 27 July 2021.
[227] OECD Watch, SOMO Representing 474 Myanmar CSOs vs. Telenor ASA.

بەرمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلغاندا، Telenor كەسپنى تاقاش ۋە سانلىق مەلۇماتلارنى ئۆچۈرۈشنىڭ بىرمىدىكى خىزمەتچىلەرنى «راۋۇرۇس چوڭ خېيىم-خەتەر»گە دۇچار قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن[228]. Telenor ھەقىقەتەن ئىنتايىن چوڭ خىرىسقا دۇچ كەلگەن بولۇپ، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ چېگرادىن چىقىشى چەكلەنگەن بىر قىسىم خىزمەتچىلىرىگە نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق بولغان . ھالبۇكى، ئۇلار بازارغا كىرىشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا كىشىلىك ھوقۇقىقا نىسبەتەن تېخىمۇ ئەستايىدىل بولۇپ ۋەزىپىسىنى ياخشى ئادا قىلىش، ھەرىكىتىدە تېخىمۇ ئاشكارە بولۇش ۋە سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن تەسىرگە ئۇچرىغان گۇرۇپپىلار بىلەن تېخىمۇ كۆپ ئۇچرىشىش دېگەندەك ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلالايتتى . نۆۋەتتە Telenor نىڭ ئۇلارنىڭ سېتىلىپ كېتىشىنىڭ ھوقۇقلارغا كەلتۈرىدىغان يوشۇرۇن تەسىرلىرىنى ئەستايىللىق بىلەن ئويلاشقان-ئويلاشمىغانلىقى، شۇنداقلا بۇ ئويلىششنى قارار چىقىرىشقا كىرگۈزگەن ياكى كىرگۈزمىگەنلىكىمۇ ئېنىق ئەمەس.

[228] Telenor, Updates from Telenor Group on Developments in Myanmar Since 1 February 2021.

# تېخنىكا شىركىتىنىڭ ئىنكاسلىرى ۋە ب د ت نىڭ يېتەكچى پرىنسىپى

پەن-تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ جۇڭگو، ۋيېتنام ۋە بىرمىدىكى رەقەملىك مۇستەبىتلىككە قايتۇرغان ئىنكاسلىرىدىن بىز بۇ بىر قىسىم ئورتاق نۇقتىلارنى بايقىدۇق. تۆۋەندە 5 مۇھىم مەسىلىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ چۈشەندۈرىمىز.

## كىشىلىك ھوقۇققا خىلاپ قىلمىشلارنى چۈشەندۈرگەندە يەرلىك قانۇنلارغا بويسۇنۇش

بىرىنچىدىن، پەن-تېخنىكا شىركەتلىرى ئازدۇر-كۆپتۇر يەرلىك قانۇنغا بويسۇنىدۇ، ھەمدە كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى-تەرۇز قىلىدىغان ھەرىكەت تەدبىرلىرىنى چۈشەندۈرگەندە بۇنى ئاساس قىلىپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇ خىل يەرلىك قانۇنلارغا ھۆرمەت قىلىش - دىققەتكە سازاۋەر دۆلەتلەردە قالغان ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەردە ئاكتىپ بولغان شىركەتلەر ئارا ئاساسەن بىردەك. گەرچە بەزى شىركەتلەر «ب د ت نىڭ يېتەكچى پرىنسىپى»(UNGP) ياكى كىشىلىك ھوقۇقنى ئومۇمىيلاشتۇرۇپ تىلغا ئېلىشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى يەرلىك قانۇن بىلەن كىشىلىك ھوقۇق مەسئۇلىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى قانداق ھەل قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا تەپسىلىي ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىمىدى. ئەكسىچە، ئۇلار يەرلىك قانۇن تۈزۈملىرىنى ئاساسەن دېگۈدەك تاشقى جەھەتتىن قوبۇل قىلغاندەك قىلىدۇ.

*«ب د ت نىڭ يېتەكچى پرىنسىپى»(UNGP) شىركەتلەرنىڭ يەرلىك قانۇنلارغا رىئايە قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئەمما ئۇلار يەنە دۆلەت ئىچىدىكى قانۇن بىلەن كىشىلىك ھوقۇق پرىنسىپى توقۇنۇشۇپ قالغاندا، شىركەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق پرىنسىپىغا «شارائىتنىڭ يار بېرىشىچە ئەڭ زور دەرىجىدە ھۆرمەت قىلىشى» كېرەكلىكىنى، ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىغا ئائىت تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ پەقەتلا يەرلىك قانۇنغا رىئايە قىلىپ قويۇشتىن ئىبارەت ئېھتىياجىدىن دېرەك بەرمەيدۇ .*

ئاللىقاچان گەۋدىلەندۈرۈلگەندەك :

*«يەرشارى تورى تەشەببۇسى»(GNI) بۇ خىل ئەھۋالغا قارىتا كونكرېتنىي كۆرسەتمە بىلەن تەمىنلەيدۇ، مەسىلەن ھۆكۈمەتلەردىن ئېنىقلىق ۋە تەپسىلاتلارنى تەلەپ قىلىش، ھۆكۈمەتلەردىن تەلەپنىڭ قانۇنىي ئاساسىنى كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىش ۋە ھۆكۈمەتتىن تەلىپىنى تارراق قىلىپ چۈشەندۈرۈش دېگەندەك. « يەرشارى تورى تەشەببۇسى»(GNI) يەنە شىركەتلەرنى بۇ خىل تەلەپكە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ياكى يەرلىك سوتلاردا ئۇلارغا قارشى پىكرىنى بىلدۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.*

ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇ دوكلاتتا گەۋدىلەنگەندۈرۈلگەن ئەھۋاللاردا شىركەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە «ب د ت نىڭ يېتەكچى پرىنسىپى»(UNGP) ياكى «يەرشارى تورى تەشەببۇسى»(GNI) پرىنسىپلىرىغا ھۆرمەت قىلىۋاتقانلىقىغا يېتەرلىك ئىسپات بىلەن تەمىنلىمەيدۇ .مەسىلەن، ب د ت نىڭ پىكىر ئەركىنلىكى توغرىسىدىكى ئالاھىدە دوكلاتچىسىنىڭ Apple شىركىتىگە يازغان خېتىدە ئۇلارنىڭ VPN ئەپلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەپ دۇكىنىدىن چىقىرىۋېتىش قارارى ھەققىدە ئېنىقلىما بېرىشنى تەلەپ قىلغان، Apple شىركىتى بولسا بۇ ھەرىكىتىنىڭ يېقى بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن .ئالاھىدە دوكلاتچى جۇڭگو دائىرىلىرىنىڭ بۇ ئەپلەرنى ئۆچۈرۈۋېتىشنى ئېنىق تەلەپ قىلغان-قىلمىغانلىقى، Apple شىركىتىنىڭ قايسى قانۇن ئانالىزىغا تايىنىپ، بۇ ئەپلەرنى ئۆچۈرۈۋېتىشنى قارار قىلغانلىقىنى، قارارلىرىدا جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەجبۇرىيىتىنى ئويلاشقان-ئويلاشمىغانلىقى، جۇڭگو قانۇنىنىڭ قوللىنىلىشىغا قارشى چىققان-چىقمىغانلىقى ياكى دائىرىلەرگە قانۇنسىز تەلەپلەرگە نىسبەتەن ئەنسىرىشىنى بىلدۈرگەن-بىلدۈرمىگەنلىكىنى، ھەتتا ئۇلارنىڭ قارار چىقىرىشتا قانداق تەرتىپلەرنى قوللانغانلىقى ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ تەپسىلاتلارنى

تەمىنلىشىنى تەلەپ قىلدى[229]. بۇ خىل ئۇچۇرلارنى ئاشكارىلاش Apple شىركىتىنىڭ «ب د ت نىڭ يېتەكچى پرىنسىپى»(UNGP) نى قارار چىقىرىش جەريانىغا زادى قانچىلىك دەرىجىدە سىڭدۈرگەنلىكىنى زور دەرىجىدە ئايدىڭلاشتۇرغان بولاتتى . Apple شىركىتى بۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرمىدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىشكە تەييارلانمىغانلىقىنى، ئەلۋەتتە «ب د ت نىڭ يېتەكچى پرىنسىپى (UNGP)»دا تەلەپ قىلىنغان «شارائىتقا ئاساسەن ئەڭ زور دەرىجىدە»تىرىشچانلىق كۆرسەتمەيۋاتقانلىقىنىمۇ بىلدۈردى.

ئوخشاشلا، ھۆكۈمەتنىڭ مەزمۇننى ئۆچۈرۈۋېتىشنى تەلەپ قىلىدىغان كونكرېت ئارقا كۆرۈنۈشىدە، شىركەتلەر يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەزمۇننىڭ قانۇنسىز ئىكەنلىكىگە ئائىت كۆز قارىشىنى قارىغۇلارچە قوبۇل قىلماسلىقى كېرەك، بولۇپمۇ ئۆچۈرۈش قانۇنىنىڭ سوت ياكى مۇستەقىل ئورۇن تەرىپىدىن چۈشۈرۈلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا. ھالبۇكى، ۋېيتنامنى مىسالغا ئالساق، ھۆكۈمەتنىڭ مەزمۇن ئۆچۈرۈش تەلەپلىرى «ۋېيتنام كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ۋېيتنام ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇش» دېگەندەك كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى بىلەن ئېنىقلا زىت كېلىدىغان كەڭ دائىرىدىكى مەزمۇن چەكلىمىسىنى ئاساس قىلغان تەقدىردىمۇ، شىركەتلەر ھۆكۈمەتنىڭ ئۆچۈرۈش تەلىپى بويىچە چارە كۆرگەندەك قىلىدۇ . باشقا ئەھۋاللاردا، تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ ئاشكارىلىق دوكلاتىدا تەلەپلەرنىڭ قانۇنىي ئاساسى تىلغا ئېلىنمايدۇ ياكى پەقەت ئومۇمىي جەھەتتىنلا يۈزەكىي تەسۋىرلىنىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. تېخنىكا شىركەتلىرى ھۆكۈمەت تەلەپلىرىنىڭ قانۇنىي ئاساسى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ تەلەپلەرنى رەت قىلغان ياكى قانداق رەت قىلغانلىقىغا ئائىت تېخىمۇ تەپسىلىي ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىشى كېرەك ئىدى.

ئېتىراپ قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، بۇ دوكلاتنىڭ فوكۇسلىرى يۇقىرى مۇستەبىت تۈزۈملىرىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشلىرى بولۇپ، ئەگەر شىركەتلەر ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈش(سېنزورلاش) تەلىپىگە يېتەرلىك دەرىجىدە ماسلاشمىغان دەپ قارالسا، ئۇلار ئۆچ ئېلىنىشقا ئۇچرايدۇ، مەسىلەن ۋيېتنامنىڭ Facebook نى چەكلەپ قويغانلىقىدەك. بۇ رايوندىكى باشقا دۆلەتلەردە، پەن-تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ تەلىپىگە تېخىمۇ قاتتىق قارشى تۇرغانلىقىغا ئائىت مىساللار بار، مەسىلەن ھىندىستاندا Twitter ۋە WhatsApp ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئەرز قىلىشقا ئۇرۇنۇپ، ئۆچۈرۈش بۇيرۇقلىرى ۋە شىفىرلاشتۇرۇشنى توختىتىش تەلىپىگە مەيدان ئوقۇغان[230] . ھالبۇكى، ئاشكارىلىق دەرىجىسىنىڭ يېتەرسىزلىكى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەلىپىگە تاقابىل تۇرىدىغان تۈزۈم ۋە ئەمەلىيەتنىڭ كەمچىل بولۇش مەسىلىلىرى سىستېمىلىق بولۇپ، بۇنى مەزكۇر رايوندىكى (ۋە دۇنيا مىقياسىدىكى) پەن-تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ تىجارىتىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## ئاشكارىلىق دەرىجىسىنىڭ كەمچىللىكى

ئىككىنچىدىن، ئاشكارىلىقنىڭ كەمچىل بولۇشى بۇ دوكلاتتا مۇھاكىمە قىلىنغان تېخنىكا شىركەتلىرى دۇچ كېلىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلە. «ب د ت نىڭ يېتەكچى پرىنسىپى 21»(UNGP) دە مۇنداق كۆرسىتىلگەن: كەسپى ياكى تىجارەت شارائىتىدا كىشىلىك ھوقۇققا تەسىر قىلىدىغان ئېغىر خىرىس كۆرۈلىدىغان شىركەتلەر بۇ خەتەرلەرنى قانداق ھەل قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا سۈپەتلىك، سىستېمىلىق ۋە دائىملىق شەكىلدە رەسمىي دوكلات قىلىشى ھەمدە ئۇلارنىڭ چارىسىنىڭ يېتەرلىك بولغان-بولمىغانلىقىنى باھالاشقا يېتەرلىك ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

گەرچە ھازىر تېخىمۇ كۆپ پەن-تېخنىكا شىركەتلىرى «ئاشكارىلىق دوكلاتى» نى قوللىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ دوكلاتلاردا ئادەتتە قىسمەت دۆلەتكە ئائىت ئۇچۇرلارنى تەمىنلەيدۇ ۋە دوكلات مەزمۇننىڭ ئومۇمىيلىق خاراكتېرى بەك كۈچلۈك، ئۇلاردا پەن-تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ مۇستەبىتلىك تۈزۈم دائىرىسىدە كىشىلىك ھوقۇق خەتىرىنى قانچىلىك دەرىجىدە پەرقلەندۈرىدىغانلىقى ۋە مۇناسىپ خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان خەتەر باشقۇرۇش ئىستراتېگىيىسى ھەققىدە چۈشەنچە بەرمەيدۇ. بەزى شىركەتلەر كونكېرتنىي كىشىلىك ھوقۇق تالاش-تارتىشى توغرىسىدا ھېچقانداق ئۇچۇر بەرمىدى. مەسىلەن، Bing جۇڭگونىڭ تەكشۈرۈش(سېنزورلاش) تەلىپىگە قانداق جاۋاب قايتۇرغانلىقى توغرىسىدا ئىنتايىن ئاز ئۇچۇرلارنى ئاشكارىلىدى. بىرمىدا، ھەربىي

229 UN Special Rapporteur, Letter to Tim Cook.

230 H. Ellis-Petersen, WhatsApp Sues Indian Government over ‘Mass Surveillance’ Internet Laws, *Guardian*, 26 May 2021; M. Vengattil, Twitter Seeks Judicial Review of Indian Orders to Take Down Content, Reuters, 6 July 2022.

تەرەپنىڭ ھېساباتلىرىنى چەكلەش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرى ھەققىدە تۈنجى باياناتىنى ئېلان قىلغاندىن باشقا، كۆپلىگەن شىركەتلەر ئۆزلىرىنىڭ سۈپىلىرىدا داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان ھەربىي تەرەپنىڭ كۈشكۈرتۈش خاراكتېرلىك زىيانلىق ئۈچۈرلىرىغا قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا تەپسىلىي يېڭىلىقلارنى ئېلان قىلمىدى.

## كونكېرت دۆلەتكە خاس كىشىلىك ھوقۇق بويىچە تىگىشلىك تىرىشچانلىقنىڭ كەمچىللىكى

ئۈچىنچىدىن، تېخنىكا شىركەتلىرى قەرەللىك ھالدا كونكېرت دۆلەتكە خاس كىشىلىك ھوقۇق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا تىگىشلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى كېرەك. بۇ دوكلاتتىكى مىسال تەتقىقاتلىرى شۇنى كۆرسەتتىكى، بۇ خىل كىشىلىك ھوقۇق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا تىگىشلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى تەكشۈرۈشكە ئائىت پاكىتلار ئاساسەن دېگۈدەك يوق. «ب د ت نىڭ يېتەكچى پرىنسىپى»(UNGP) دا كۆرسىتىلگەندەك، بۇ تەسىرنى بايقاش ۋە باھالاش، خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى ئازايتىش، خەتەرنى ئازايتىشنىڭ ئۈنۈمىنى ئىز قوغلاش ۋە مۇناسىپ ئۈنۈمگە ئائىت ئالاقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر داۋاملىشىۋاتقان خىزمەت بولۇشى كېرەك ئىدى[231].

بۇ دوكلاتتا تىلغا ئېلىنغان كۆپىنچە تېخنىكا شىركەتلىرى جۇڭگو، ۋېيتنام ياكى بېرمىغا قارىتا كىشىلىك ھوقۇق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا تىرىشىۋاتقاندەك قىلمايدۇ ياكى ھېچ بولمىغاندا ئۇنى ئاشكارا ئېلىپ بارمايۋاتىدۇ. شىركەتلەر مەجبۇرىيىتىنىڭ ئادا قىلىنىۋاتقانلىقىنى تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئۇ تەپسىلىي ۋە داۋاملىشىۋاتقان كۆلەمدە ئەمەس . 2014-يىلى Telenor بېرما بازىرىغا كىرىشتىن بۇرۇن كىشىلىك ھوقۇق تەسىرىنى باھالاشنى ھاۋالە قىلغان، ئەمما مەسئۇلىيەتچان بولغان چېكىنىپ چىقىشنىڭ ئالدىن پىلانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېتەرلىك داۋاملىشىۋاتقان باھالاشلارنى ساقلاپ قالالمىغاندەك قىلىدۇ[232]. تۆۋەندىكى رامكىدا بۇ رايوندىكى كىشىلىك ھوقۇق تەسىرىنى باھالاش ئۇسۇلىدىكى نۇقسانلىقنىڭ بىر مىسالى كۆرسىتىلدى. ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئاسىيادىكى مۇستەبىت دۆلەتلەردە پائالىيەت قىلىۋاتقان پەن-تېخنىكا شىركەتلىرى تېخىمۇ كۆپ رەھبەرلىك كۈچى، پىلان ۋە بايلىقلارنى كىشىلىك ھوقۇقى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش تەكشۈرۈشكە سەرپ قىلىشى كېرەك ئىدى.

---

[231] B-Tech, Taking Action to Address Human Rights: Risks Related to End-Use, OHCHR, September 2020, p. 2 (providing a graphical summary).

[232] Telenor, Human Rights in Myanmar. Telenor Myanmar did release annual ‘sustainability briefings’.

### مىسال: Meta نىڭ ئاسىيادىكى كىشىلىك ھوقۇق تەسىرىنى باھالىشى

بىرمىدىكى مەغلۇبىيىتىگە قايتۇرغان ئىنكاسىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، Meta مۇستەقىل بىر تەشكىلاتقا بىرمىدىكى كەسپىگە قارىتا كىشىلىك ھوقۇق تەسىرىنى باھالاشنى ھاۋالە قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، Meta بۇ باھالاشنى ئۆزلىرىنىڭ ئىنكاسى بىلەن بىللە ئاشكارا ئېلان قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەزكۇر شىركەت باشقا دۆلەت ئۈچۈنمۇ كىشىلىك ھوقۇق تەسىرىنى باھالاشنى ھاۋالە قىلىپ، كامبودژا، فىلىپپىن، ھىندونوزىيە ۋە سىرىلانكا ئۈچۈن دوكلات ئېلان قىلدى[233].

كىشىلىك ھوقۇق تەسىرىنى باھالاش بولسا «ب د ت نىڭ يېتەكچى پرىنسىپى»(UNGP) دا تەلەپ قىلىنغان تېگىشلىك تىرىشچانلىقنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ ئۈچۈن ياخشى ئۇسۇل بولسا بۇ خىل باھالاشلارنى قەرەللىك ئېلىپ بېرىش ۋە ئاشكارا ئېلان قىلىش. .كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، Meta نىڭ ئىنكاسى يۇقىرى خەتەرلىك مۇھىت سەۋەبلىك بۇ خىل باھالاشلارنى ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى بويىچە قىلىنغان ئاكتىپلىق سىياستى بولماستىن، بەلكىن ئاندا-ساندا ۋە پاسسىپ قىلىنغان باھالاش. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، Meta شىركىتى 2019-يىلى ئېلىپ بېرىلغان ھىندىستانغا بولغان تەسىرىگە بولغان باھالاشنىڭ تولۇق نۇسخىسىنى ئاشكارىلاشنى رەت قىلدى. بۇ تالاش-تارتىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى ھەمدە «ب د ت نىڭ يېتەكچى پرىنسىپى»(UNGP) غىمۇ ماس كەلمەيدۇ .بۇ باھالاش Meta نىڭ ھىندىستاندىكى ئۆچمەنلىك پىكىرلىرىنىڭ تارقىلىشى ۋە زوراۋانلىققا قۇتراتقۇلۇق قىلىشتىكى رولىنى مۇستەقىل باھالاشتىن دېرەك بېرەتتى [234]. Meta بىخەتەرلىك ئەندىشىسىنى دوكلاتنى ئېلان قىلماسلىقنىڭ سەۋەبى قىلىپ كۆرسەتتى،[235] ئەمما دوكلاتنىڭ ھەرقانداق بىر قىسمى باشقىلارغا ھەقىقىي تەھدىت كەلتۈرگەن بولسا، بۇ بۆلەكنى ئاسانلا قايتا ئۆزگەرتىۋالغىلى بولاتتى.

### ساھە مىقياسىدا سەپەرۋەرلىك ۋە كەسىپ ئۆلچىمىنىڭ كەمچىللىكى

بۇ دوكلاتتىكى مىسال تەتقىقاتلىرىدا كۆرسىتىلگەندەك، تور بوشلۇقىنىڭ پارچىلىنىشى كىشىلىك ھوقۇققا مۇرەككەپ تەسىرلەرنى پەيدا قىلدى. كۆپ خىللاشقان مۇلازىمەت توردىكى پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئومۇمىي جەھەتتىن ئاكتىپ رول ئوينىسىمۇ، نۇرغۇن تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ مونوپوللۇق قىلمىشى ئەيىبلىنىشى كېرەك. ھالبۇكى، سۇپىلاردىكى زىيانلىق پىكىرلەرنى بىر تەرەپ قىلىشمۇ ھەقىقەتەن بىر تۈرلۈك خىرىس بولۇپ، خۇددى بىرمىدا ئىسپاتلانغاندەك، ھەربىي تەرەپ تېزدىن يېڭى ھېسابات ئېچىش ۋە سۇپىلار ئارا سەكرەش مەشغۇلات قىلىش ئارقىلىق چەكلەش بۇيرۇقلىرىغا ئىنكاس قايتۇردى. سۇپىسىدىكى زىيانلىق پىكىرلەرگە ئەستايىدىل تاقابىل تۇرۇشنى رەت قىلغان Telegram غا ئوخشاش «ناچار ئاكتىيور» لارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بىر ياكى بىر قانچە شىركەتنىڭ ھەرىكىتىنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئوخشاشلا، جۇڭگودا كىشىلىك ھوقۇق ۋەدىسىنى بەرمەيدىغان يەرلىك شىركەتلەر غەرب شىركەتلىرىنىڭ چېكىنىپ چىقىشىدىن ھاسىل بولغان بوشلۇقنى تولدۇرالايدۇ.

---

[233] Meta, Our Impact: Meta Human Rights Impact Assessments.

[234] D. Brown and J. Bajoria, Meta and Hate Speech in India, Human Rights Watch, 21 July 2022.

[235] ARTICLE 19, Meta: Transparency Vital for Protecting Human Rights in India and Palestine, 25 August 2022.

ھالبۇكى، بۇ مەسىلىگە تېخى ئاسان بىر جاۋاب يوق :

*تېخنىكا ساھەسى قانداق قىلىپ بۇ ساھەدە تېخىمۇ كەڭ سەپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنى قوزغاپ، كىشىلىك ھوقۇققا ئائىت تېخىمۇ كۈچلۈك كەسىپ ئۆلچىمىنى تەرەققىي قىلدۇرالايدىغانلىقىنى ئويلىشىشى كېرەك. بىر دۆلەتتىن چېكىنىپ چىقىش بىلەن كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى-تەرۇز قىلىش ئوتتۇرىسىدا تاللاشقا دۇچ كەلگەن بولسا، پەن-تېخنىكا شىركەتلىرى ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق، قانۇن ۋە تىجارەت ئاساسىدا بازاردا قېلىش ياكى ئايرىلىش قارارىنى ئېنىق ۋە ئاشكارا چۈشەندۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوچۇق-ئاشكارە، مەسئۇلىيەتچان چېكىنىش مۇزاكىرىسى ئېلىپ بېرىشى كېرەك .تېخنىكا شىركەتلىرى خۇددى Facebook بەزىدە ۋېيتنامدا قىلغاندەك، ھۆكۈمەتنىڭ تەلىپىگە ماسلىششىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن مەلۇم بازاردا تۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدىكى ئومۇمىيلاشقان بىر مۇددىئاغا تايىنىۋالماسلىقى كېرەك.*

بۇ دوكلات پەن-تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ قانداق قىلىپ مۇستەبىت تۈزۈم ئارقا كۆرۈنۈشىدە كىشىلىك ھوقۇقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر قىسىم ئەمەلىي دەرسلەرنى تەمىنلەيدۇ. تېخنىكا شىركەتلىرى سانلىق مەلۇماتنى يەرلىكلەشتۈرۈش تەلىپىگە تەشكىللىك قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن مەلۇم مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. ساھەدىكىلەرنىڭ سادالىرى بېرمىدا ھەربىي تەرەپنىڭ «تور بىخەتەرلىكى قانۇنى لايىھىسى»نى قايتۇرۇۋېلىشىغا شۇنداقلا ۋېيتنامنىڭ ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان بەلگىلىمىسىدە سانلىق مەلۇماتنى يەرلىكلەشتۈرۈش تەلىپىنى بوشىتىشىغا تەسىر كۆرسەتكەندەك قىلاتتى . بۇنىڭدىكى بىر سەۋەب شۇكى، شىركەتلەر سانلىق مەلۇماتنى يەرلىكلەشتۈرۈشنىڭ زىيىنى ئۈچۈن كۈچلۈك بولغان ئىقتىسادىي ۋە تىجارىي پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ - بۇ نۇقتىنى مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەر بەكرەك قوبۇل قىلالىشى مۇمكىن. ھالبۇكى، تېخنىكا شىركەتلىرى پىكىر ئەركىنلىكى ۋە شەخسىي مەخپىيەتلىك مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان باشقا مەسىلىلەر توغرىسىدا دائىم ۋە كوللىكتىپ ھالدا پىكرىنى بايان قىلىشى كېرەك.

كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئۈچۈن بايلىق ۋە خىزمەتچىلەرنى بېغىشلاشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. بېرمىدا، Facebook نىڭ ئىلگىرىكى سەتچىلىكى ئۇنىڭ بېرمىغا خاس بىلىم ۋە خىزمەتچىلەرنى تەرەققىي قىلدۇرالىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، گەرچە ئۇنىڭ ئىنكاسىنىڭ بىردەكلىكى كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان بولسىمۇ، 2021-يىلدىكى ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىشكە تاقابىل تۇرۇشتا، Facebook باشقا شىركەتلەرگە قارىغاندا بىر قەدەر ياخشى بولغان ئىقتىدارغا ئىگە بولدى . بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ۋېيتنامدىكى Facebook نىڭ كىشىلىك ھوقۇق بۆلۈمى خادىملىرىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى ياكى ھېچ بولمىغاندا بۇ خادىملارنىڭ يەرلىك پۇقرالار جەمئىيىتى بىلەن ئۈچرىششلىرىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقىنىڭ ئاقىۋىتىدە، بۇ شىركەتنىڭ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن ئابونتلارنىڭ شىركەتنىڭ مەزمۇن تەكشۈرۈپ تەستىقلاش سىستېمىسىنى قالايمىقان ئىشلىتىشكە قارشى كۈچلۈك بىر ئىستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ چىقالمىدى.

## پۇقراۋي جەمئىيەتلەر بىلەن ئەتراپلىق ھەمكارلىقنىڭ كەمچىللىكى

ئاخىرىدا، بۇ دوكلات يەنە پۇقرالار جەمئىيىتىنىڭ ھەل قىلغۇچ رولىنىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ. تېخنىكا شىركەتلىرى سەلبىي تەشۋىقاتنى قوبۇل قىلمىغۇچە، چارە كۆرۈشى نورمالدا ئىنتايىن ئاستا بولىدۇ. بېرمىدا، ھەتتا Telegram نى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىركەتلەر دائىم پۇقرالار جەمئىيىتىنىڭ قىلغان تەشۋىقاتلىرى تۈپەيلى مەزمۇنلارنى ئۆچۈرۈۋەتتى. ۋېيتنامدا، پۇقرالار جەمئىيىتى Facebook بىلەن ئالاقىلىششتا باشلامچى بولۇپ، Facebook نىڭ ئەرز-شىكايەت سىستېمىسىنىڭ قالايمىقان ئىشلىتىلىشىگە قارشى تۇرۇشى كېرەك. جۇڭگودا، گەرچە دۆلەت ئىچىدىكى پۇقرالار جەمئىيىتىنىڭ بوشلۇقى ئىنتايىن چەكلىك بولسىمۇ، ئەمما خەلقئارالىق ئادۋوكاتلار ئاللىقاچان مەزمۇن ئۆچۈرۈۋېتىشكە بەلگە قويۇش ۋە ئىز قوغلاش قاتارلىق جۇڭگونىڭ تەكشۈرۈشى(سېنزورلىشى) گە

ھەمكارلاشقان تېخنىكا شىركەتلىرىگە دىققەت-نەزەرنى قوزغىشىغا ياردەم بەردى.  يەرلىك پۇقرالار جەمئىيىتى ئادەتتە يەرلىك ۋەزىيەتنى ياخشى بىلىدۇ ھەمدە يەرلىك كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى دۇچ كېلىدىغان بىخەتەرلىك خەۋپلىرىدىن خەۋەردار بولۇشى مۇمكىن. شىركەتلەر بۇ گۇرۇپپىلار بىلەن بولغان ھەمكارلىقتىن نەپكە ئېرىشەلەيدۇ، ئەمما شىركەتلەر ئېھتىياتچان بولۇشى كېرەككى، بۇ پايدا ئالمايدىغان تەشكىلاتلارغا ئۇشۇقچە ياردەم تەلەپلىرىدە بولماسلىقى كېرەك، چۈنكى بۇ گۇرۇپپىلار ئادەتتە چەكلىك بايلىق ۋە خامچوت بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ، شۇنداقلا قىلغان ياردىمى ئۈچۈن دۇچ كېلىدىغان خېيىم-خەتەر خەۋپلىرى بار.

تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ مەيلى مۇستەبىت تۈزۈم ئاستىدا تىجارەت قىلغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، كىشىلىك ھوقۇق مەسئۇلىيىتى بار. گەرچە پەن-تېخنىكا شىركەتلىرى «ب د ت نىڭ يېتەكچى پرىنسىپى»(UNGP) نى تىلغا ئالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئادەتتە پەقەت يۈزەكى ئۇسۇلدا پايدىلانما قىلىدۇ ياكى «ب د ت نىڭ يېتەكچى پرىنسىپى»(UNGP) نى خاتا چۈشىنىپ، شىركەتلەرنىڭ يەرلىك قانۇنلارغا ئەمەل قىلىشنى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە ھەمكارلىششىنىڭ ئاساسى دەپ قارىۋالىدۇ .

---

*پەن-تېخنىكا شىركەتلىرى تېخىمۇ چىڭ ئۇسۇلدا «ب د ت نىڭ يېتەكچى پرىنسىپى»(UNGP) نى تىجارىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشى، ھۆكۈمەتنىڭ مەسىلە بار تەلەپلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئاشكارا بىر سىستېمىنى ئورنىتىشى، ئۇلارنىڭ بۇ تەلەپلەرگە قانداق جاۋاب قايتۇرغانلىقى توغرىسىدا ئاشكارا دوكلات بېرىشى ھەمدە غۇۋا بولغان ياكى ئېنىق بولمىغان قانۇنىي تەلەپلىرىنى رەت قىلىشى كېرەك .*

*ئۇلار يەنە پەقەتلا بىر تۈركۈم ئېغىر سودا يۈكلىرى (سانلىق مەلۇماتنى يەرلىكلەشتۈرۈش تەلىپى دېگەندەك) نىلا ئەمەس، بەلكى بىر قاتار پىكىر ئەركىنلىكى ۋە شەخسىي مەخپىيەتلىك مەسىلىلىرىنىمۇ كەڭ دائىرىدە ساھە بويىچە تەشۋىق قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىشى كېرەك. تېخنىكا ساھەسىدە ئىشتىن بوشىتىش ئەۋج ئالغان دەۋردە، شىركەتلەر كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە داۋاملىق ھالدا يېتەرلىك بايلىق ۋە ئادەم كۈچى ئاجرىتىشى كېرەك .*

---

ھازىرغا قەدەر، پەن-تېخنىكا شىركىتىنىڭ ئاسىيادىكى مۇستەبىت دۆلەتلەردە «ب د ت نىڭ يېتەكچى پرىنسىپى»(UNGP) نى يولغا قويۇشتىكى رەھبەرلىك كۈچى ھېلىھەم يېتەرلىك بولماي كەلمەكتە.

# تەۋسیەلەر

## رايوندىكى ھۆكۈمەتلەرگە بولغان تەۋسىيەلەر

رايوندىكى ھۆكۈمەتلەر تۆۋەندىكىلەرنى قىلىشى كېرەك:

- ئۆزلىرىنىڭ قانۇن رامكىسىنى تۈزىتىپ، ئۇلارنى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىگە ماسلاشتۇرۇشى، جۈملىدىن پىكىر ئەركىنلىكى ۋە شەخسىي مەخپىيەتلىكنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى؛

- «ب د ت يېتەكچى پرىنسىپى»(UNGP) بىرىنچى تۈۋرۈكىدىكى ۋە كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئېتىراپ قىلىشى ھەمدە شىركەتلەرنى كىشىلىك ھوقۇق مەسئۇلىيىتىگە خىلاپلىق قىلىشقا مەجبۇرلاش ياكى بېسىم ئىشلىتىشتىن ساقلىنىشى؛

- ئوچۇق بولغان ئىنتېرنېتكە بولغان ئومۇميۈزلۈك زىيارەتنى ئىلگىرى سۈرۈشى، تور سۈپىلىرىنى زۆرۈر بولمىغان تاقاپ قويۇش ۋە چەكلىمىلەرگە ئۇچرىتىشتىن ساقلىنىشى، ھاياتىي كۈچكە تولغان تور ئېكولوگىيە سىستېمىسىغا قۇلايلىق يارىتىشى؛ ۋە

- جۈملىدىن ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىش، تەھدىت سېلىش ياكى زورلاۋانلىق قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشى ۋە پەقەت پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكى ۋە باشقا كىشىلىك ھوقۇق ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەنلىكى ئۈچۈنلا خاتا قولغا ئېلىنغان ياكى تۈرمىگە تاشلانغان كىشىلەرنى دەرھال ۋە شەرتسىز قويۇپ بېرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى ۋە پائالىيەتچىلىرىنى قوغدىشى.

## مۇستەبىتلىك مۇھىتىدا تىجارەت قىلىۋاتقان تېخنىكا شىركەتلىرىگە بولغان تەۋسىيەلەر

مۇستەبىتلىك مۇھىتىدا تىجارەت قىلىدىغان تېخنىكا شىركەتلىرى تۆۋەندىكىلەرنى قىلىشى كېرەك:

- «ب د ت نىڭ يېتەكچى پرىنسىپى»(UNGP) غا ئاساسەن كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىنى قوغدىشى؛

- كىشىلىك ھوقۇق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش تىرىشچانلىقى تەسىرىنى باھالاش، جۈملىدىن كىشىلىك ھوقۇق تەسىرىنى قەرەللىك باھالىشى؛ بۇ باھالاشلارنىڭ كونكېرت دۆلەتلەرگە خاس بولۇشى ۋە ئاشكارا ئېلان قىلىنىشى، باھالاش جەريانى ئوچۇق-ئاشكارە بولۇشى ھەمدە تەسىرگە ئۇچرىغان مەنپەئەت تەرەپدارلىرى بىلەن ئەھمىيەتلىك كېڭەشكەن بولۇشى، باھالاش تاماملانغاندىن كېيىن، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بايقالغان خەۋپ-خەتەرنى ئازايتىشى؛

- مەزمۇننى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش جەھەتتە ئېنىق ۋە ئاشكارا بولغان تۈزۈم ۋە تەرتىپنى تۈزۈش، ئېلان قىلىش ۋە ئادىل قوللىنىشى، جۈملىدىن ھۆكۈمەتنىڭ مەزمۇن ئۆچۈرۈۋېتىش تەلىپىگە ئۈنكاس قايتۇرۇشنىڭ كونكرېت ئۆلچىمىنى بېكىتىشى شۇنداقلا ئۇلارنىڭ «سانتا كلارا پرىنسىپى»دا بايان قىلىنغان پرىنسىپلارنى ئەكس ئەتتۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشى؛

- ھۆكۈمەتنىڭ مۇلازىمەتنى چەكلەش ياكى ئابونتلارنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىنى ئورتاقلىشىش توغرىسىدىكى تەلىپىگە قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىنى شەرھىلىگەن ئېنىق تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقىشى، جۈملىدىن بۇ تەلەپلەرنى بايقۇت قىلىش ئۈچۈن ھەر بىر تەلەپنى ئايرىم باھالاپ چىقىشقا ۋەدە بېرىش شۇنداقلا مۇۋاپىق ئەھۋالدا تەلەپنىڭ قانۇنلۇقىغا بولغان گۇماننى بىلدۈرۈش دېگەندەك مۇۋاپىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىشى؛

- ئاشكارىلىق ۋە جاۋابكارلىقنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشى: ئاشكارىلىق دوكلاتى ھازىرقى ئۆلچەملەشكەن ئۇسۇلغا قارىغاندا تېخىمۇ دائىملىق ۋە تېخىمۇ تەپسىلىي بولۇشى ھەمدە يەرلىك قانۇنلارغا ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىش ئۈچۈن تاشلانغان قەدەملەر ھەققىدە كونكېرت دۆلەتكە ئائىت ئوبزورلارنى، شۇنداقلا ھۆكۈمەت ۋە ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئۆچۈرۈۋېتىلگەن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك؛ شىركەتلەر يەنە سۆھبەتلىشىش ئۇسۇلى ۋە ئۇلارنىڭ بازارغا كىرىش شارائىتى، شۇنداقلا ھۆكۈمەتتىن ئالغان ھەرقانداق ئىجازەتنامە، توختام ياكى رۇخسەتلەر ھەققىدە ئوچۇق-ئاشكارە بولۇشى كېرەك؛

- ئىشلەتكۈچىنىڭ مەخپىيەتلىكى ۋە بىخەتەرلىكى ئۈچۈن زۆرۈر قورااللارنى تەمىنلىشى: لايىھىلەش ئارقىلىق مەخپىيەتلىكنى يولغا قويۇش ۋە ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ شەخسىي ئۇچۇرلىرىنى ئۆزلىرى كونترول قىلىش ھوقۇقى بېرىشى كېرەك؛

- يەرلىك دۆلەتتىكى ئەترەتكە مۇۋاپىق قوللاشقا كاپالەتلىك قىلىشى، جۈملىدىن يەرلىك دۆلەت ياكى رايوندىكى خىزمەتچىلىرى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ئۇتتۇرىغا قويغاندا تېز ئىنكاس قايتۇرۇشى ۋە ياردەم بىلەن تەمىنلىشى؛

- ئاسىيا رايونىدىكى پىكىر ئەركىنلىكى تەشەببۇسىنى قوللىشى،مەسىلەن ئىقتىسادىي ياردەم ۋە تېخنىكا تەجرىبىسى بىلەن تەمىنلەش شۇنداقلا پۇقرالار جەمئىيىتى ۋە باشقا كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى بىلەن ھەمكارلىشىش دېگەندەك؛ ۋە

- كۆپ تەرەپلىك مەنپەئەتدارلار ۋە ساھە ئارا دىئالوگلارغا قاتنىشىشى، ۋە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە ساھە ئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن تەشەببۇسلارنى يولغا قويۇشى.

## جۇڭگودا تىجارەت قىلىۋاتقان تېخنىكا شىركەتلىرىگە بولغان تەۋسىيەلەر

جۇڭگودا تىجارەت قىلىۋاتقان تېخنىكا شىركەتلىرى تۆۋەندىكىلەرنى قىلىشى كېرەك:

- جۇڭگو دائىرىلىرىنىڭ ئابونتلارنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئېرىشىشنى تەلەپ قىلغانلىقى ھەققىدە ئاممىغا ئوچۇق دوكلات بېرىشى، جۈملىدىن دائىرىلەرنىڭ زىيارەت قىلىشقا رۇخسەت بېرىلگەن سانلىق مەلۇماتلارنىڭ تۈرلىرى ۋە بۇ خىل زىيارەتكە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللار، شۇنداقلا باشقا تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئابونېتلارنىڭ سانلىق مەلۇماتىغا بولغان قوغداشنى كۈچەيتىشى، شۇنداقلا سانلىق مەلۇماتلارنىڭ يەرلىكلەشتۈرۈلۈشىگە قارشى تۇرۇشى (ياكى ئەگەر بۇ مۇمكىن بولمىسا، سانلىق مەلۇماتنى يەرلىكلەشتۈرۈش ئەھۋالى ۋە ئابونېتلارغا مۇناسىۋەتلىك خەتەرلەرنى ئوچۇق دوكلات قىلىشى)؛

- قانۇنىي تەلەپكە ئاساسەن، ھازىرقى مەزمۇن تەكشۈرۈپ تەستىقلاش سىستېمىسى ياكى ئالگورىزىمنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن قىلغان ھەرىكەتلەرنى ئاشكارا دوكلات قىلىشى؛

- تەكشۈرۈش(سېنزورلاش) بۇيرۇقىغا جەڭ ئېلان قىلىدىغان قانۇنىي مېخانىزملارنى يولغا قويۇپ، باشقا تالالاشلارنى تۈگىتىپ بولۇشتىن بۇرۇنلا تەكشۈرۈش(سېنزورلاش) تەدبىرىنى قىلىشتىن ساقلىنىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ خىل ھەرىكەت ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەلەپلىرىنى ئاشكارا دوكلات قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىشى؛ ئەگەر ئەڭ ئاخىرىدا جۇڭگو ئىچىدىكى مەزمۇنلارغا چەكلىمە قويغان بولسا، بۇ خىل مەزمۇن چەكلىمىسىنىڭ جۇڭگونىڭ سىرتىدىكى مەزمۇنلارنى زىيارەت قىلىشقا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى تاسقاپ تەكشۈرۈشى، شۇنداقلا ئىنكاسىدا قاراتمىلىق تۈزۈم ۋە تېخنىكىلىق ھەل قىلىش چارىسىنى قوللىنىشى؛ ۋە

- «ب د ت نىڭ يېتەكچى پرىنسىپى»(UNGP) غا ئاساسەن، جۇڭگودىكى كەسپىگە نىسبەتەن ۋەزىيىسىنى ئادا قىلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكى ھەققىدە تېخمۇ تەپسىلىي بولغان تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى، شۇنداقلا كىشىلىك ھوقۇقنى ئويلىشىش ئاملىنى ئۆلارنىڭ جۇڭگو بازىرىغا كىرىش-چېكىنىش قارارىدا ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك.

## ۋېيتنامدا تىجارەت قىلىۋاتقان تېخنىكا شىركەتلىرىگە بولغان تەۋسىيەلەر

ۋېيتنامدا تىجارەت قىلىۋاتقان تېخنىكا شىركەتلىرى تۆۋەندىكىلەرنى قىلىشى كېرەك:

- يەرلىك ۋېيتنام پۇقرالار جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرى بىلەن ئالاقە يوللىرى ئورنىتىشى، كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى توردا نىشانلىق ھۇجۇمغا ئۇچرىغا ۋاقىتتا ئۇلارغا ياردەم تەمىنلىشى؛

- ۋېيېتنامغا قاراتمىلىق قىلشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا مەزمۇن تەكشۈرۈپ تەستىقلاش سىستېمىسىنىڭ قالايمىقان ئىشلىتىلىشگە تاقابىل تۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ چىقىشى؛

- ساھەدىكى تەشەببۇس خىزمەتلىرىنى كېڭەيتىشى ۋە ھەمكارلىشىشى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئابونتلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەندىشىسىنى چۈشىنىشى ۋە خەتىرىنىڭ باھالاش ئارقىلىق ئۇلارغا خەۋەر قىلىنغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى؛

- ۋىيېتنام ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلارنىڭ سۇپىلىرى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ۋىيېتنامدىكى ئابونتلارنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىنى زىيارەت قىلىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىدىغان ھەر قانداق ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق نازارەت قىلىشىنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى ئوچۇق دوكلات قىلىشى؛

- سۆھبەتلىشىش ئىقتىدارى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى-تەرۇز قىلىش مەسىلىسىدىكى ھەمكارلىق تەلىپىگە جەڭ ئېلان قىلىش ئىقتىدارىنى قەرەللىك باھالاپ تۇرۇشى، ھەمدە مۇناسىپ ھالدا ھەرىكىتىنى ماسلاشتۇرۇشى؛

- دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەتقىقاتچىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، 47-قىسىم ۋە پۇقرالار ھەرىكىتى قاتارلىق ھۆكۈمەت ھەرىكەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى دوكلات قىلىشقا شارائىت ھازىرلىشى؛ ۋە

- يەرلىك شىركەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە ھەمكارلىشىش ئۈچۈن كۈچلۈك بېسىمغا دۇچ كەلگەنلىكىنى تونۇپ يېتىشى ھەمدە يەرلىك شىركەتلەر بىلەن ھەمكارلاشقاندا بۇ بىلىملىرىنى كىشىلىك ھوقۇققا بولغان تېگىشلىك تىرىشچانلىقى تەكشۈرۈشى ۋە خەتەرنى ئازايتىش تەدبىرلىرىگە بىرلەشتۈرۈشى كېرەك.

**بېرمىدا تىجارەت قىلىۋاتقان تېخنىكا شىركەتلىرىگە بولغان تەۋسىيەلەر**

بېرمىدا تىجارەت قىلىۋاتقان تېخنىكا شىركەتلىرى تۆۋەندىكىلەرنى قىلىشى كېرەك:

- بېرمىغا خاس كىشىلىك ھوقۇق ئىستراتېگىيىسى ۋە تۈزۈملىرىنى قوللىنىشى، بۇ ئىستراتېگىيە ۋە تۈزۈملەر توقۇنۇشقا سەزگۈر بولۇشى، كۆپ تىللىق ۋە كۆپ مىللەتلىك جەمئىيەتنىڭ رېئاللىقىغا ماسلىشىشچان بولۇشى ھەمدە ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ تور سۇپىلىرىنى ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈنلا ئۆچ ئېلىشقا دۇچ كېلىشىدەك ھەقىقىي خەتەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشى؛

- بېرمىدا تىجارەت قىلىۋاتقان ئاساسلىق تېخنىكا سۇپىلىرى ئارىسىدا ئىنتايىن زىيانلىق مەزمۇنلارغا قارىتا تېز ھەرىكەت قوللىنىش مۇمكىنچىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ماسلىشىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان كۆپ شىركەت مېخانىزمىنى ئويلىشىپ كۆرۈشى؛

- ئۇلارنىڭ تۈزۈمى ۋە ھەرىكىتىنىڭ يەرلىككە بولغان تەسىرى ھەققىدە زۆرۈر ئارقا كۆرۈنۈش ۋە ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغان پۇقرالار جەمئىيىتى ۋە سۈرگۈندىكى گۇرۇپپىلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشى؛

- بېرمىغا مەركەزلەشكەن كىشىلىك ھوقۇق ھەرىكىتىگە يەرلىك ھەققىدە بىلىمى ۋە تىل تەجرىبىسى بار خادىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا مۇۋاپىق خادىم ۋە بايلىق تەقسىم قىلىشى؛

- 2021-يىلىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن بېرمىغا قاراتمىلىق ئېلان قىلغان تۈزۈملىرى، شۇنداقلا (روھىنگىياغا قارشى ئۆچمەنلىك قىلىش پىكىرلىرىگە ئىنكاس قايتۇرۇش تۈزۈمى قاتارلىق) ئىلگىرىكى تۈزۈملىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرى ھەققىدە قەرەللىك دوكلات قىلىشى ھەمدە بۇ تۈزۈملەرنى قەرەللىك تۈزىتىپ تۇرۇشى ۋە يېڭىلاپ تۇرۇشى؛ ۋە

- ھەربىي تەرەپنىڭ ئابونتلارنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئېرىشىشىنىڭ خەۋپى ھەققىدە ئاشكارا دوكلات قىلىشى ۋە بۇ خەتەرلەرنى يەرلىك گۇرۇپپىلارغا يەتكۈزۈش سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىشى كېرەك.

ARTICLE 19